2009·2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال



# بۇلاق

源泉（布拉克）• BULAK

ISSN 1005-0876



«خەمسەتۇل ـ ھكايات» ناملىق داستاننىڭ قولیازمىسىدىن ئۆرنەكلەر (سۈرەتلەرنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنولوگىيىسى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتىن ئالىمجان غەيرەت تارتقان)

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
# قوش ئايلىق ژۇرنىلى

30 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 125 - سان

ئەبرولەروە عجب یانچ، ئەقسمی هەریان قلدی ملالا، بو سەجانی دونیادا بیگانە قلدی قارا گۆز،

خەلقی ئالەمی هەوریاشە بە جنونو گەردان قلدی ملالا. قوی وەلی بورەکیم وەیرانە قلدی قارا گۆز.

یار ئیتی قولاتی ئەزدەی ئولادم بە بیابان دە شیدە، غەیری دە دەردلە دارو تۆوا بوکی سەلنە دارو تۆوە،

قوڵاری تیمان قلسی باشمە باران قلدی ملالا. خەلقی ئالەمی هەوریاشم سەرسان قلدی قارا گۆز.

خەلقی ئالادم ئوشوڵ دیوانە یاگلمە دەرە دەر، باکلا ئوخشە هیچ کشتە موندا غ بەلانی گۆرەسوە،

یاقسمە قولی ئوگوزاهدی دیوان قلدی ملالا. هەر دینیم بەرباد قلدی قاشی قاراوو یا بوز.

قسمی زانکی ئەی سنگ ول بیمگە جاهل وم کیلور. هەر وەنالا جونده موتکصو نسلام هەل قلنوجی،

بەلکی هەوتوم بوە سنگ جاهلی وەیران قلدی ملالا. کۆزەلرم بیمار قلدی ساحی قاراوو یا سیە بوز.

کە لام جاهی نوبە دندن، گۆرەدوم ئەلم اوڵغی بەرسە، بولەسە لالە سەهەر یابسا سنگ جانم بولسا بدا،

ئەزرەقی شەوقی شەرای بیزار گە ئەیان قلدی ملالا. بودلیمقاکۆب ئەسر قلدی بەنە شیرین سوز.

ئیشق عبلاری گۆر، بوقوتا ئەگەر سرو ئازەدە ک، دیلی شەکەرشە، سەرکەردا رواجلالنی شکعدە،

قوی ئۆلا هەم تە سنگی [illegible] قلدی ملالا. فورو فیحە نازلی ئولدی نازونیم بلکو سوز.

هەر نەدەی زلکر یا بساقول، دیلی زلکر ساهسی یاری. قاراگۆزی [illegible] ئولدە سەم خەلائی سەلار کوکلم سوە،

گۆزلە نەمە ئەدە هەبستکی خەیرینی جانا قلدی ملالا. بوقول ئەهمەد سوزدن نشتی دونیەدەن قوسدی بوز.

یەرئەشو فەسابا..دین — ...سیدانی

# بۇلاق

2009 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئادابۇس ـ سالىھىن ........................................ مۇھەممەدسادىق كاشغەرىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق
خەمسەتۇل ـ ھىكايات ........................................ موللا فەنائىي (30)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆرلىقا سىيىت
شېئىرلار ........................................ مۇھەممەدئىيسا ھاجى (53)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا»دىن ........................................ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي (56)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇسۇپ ئىگەمبەردى

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر قەدىمكى ۋەسىقىلىرى ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە ............ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار (62)

## مەشھۇر ئەسەرلەر

«قىسسەسۇل ـ غەرايىب» نىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدا ............ سابىت روزى (71)

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن ........................ (77)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز

قەدىمىي مىراسلىرىمىزنىڭ پەرۋانىسى ــ دامولla ئابدۇرېشىت ئىسلام ........... غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر (83)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئەبەيدۇللاخان (خەلق داستانى)........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇغېنى سابىر (91)
بۇزرۇكۋار ئانا (چۆچەك) ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: توختى ئوبۇلقاسىم (101)
خاسىيەتلىك سانلار توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر ............ رەتلىگۈچى: ھەلىمىگۈل ئابلىز (103)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ........................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (108)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالىي

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق**

**مۇھەررىردىن:** ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي، تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئاتاقلىق ئالىم، ئەدىب ۋە جامائەت ئەربابى مەۋلانا مۇھەممەدسادىق كاشغەرىي مىلادىيىنىڭ تەخمىنەن 1740 ـ يىللىرى قەشقەر توققۇزاقتا موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر مەرىپەتپەرۋەر زاتنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولغان مەدرىسەئى ھامىدىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەرقايسى ئىلىملەر بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشكەن. مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىككە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا چوڭقۇر پىكىرلىكلىكى، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارىيالايدىغان ھەم توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتى بىلەن جامائەتنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، كېيىنچە قەشقەر شەرئىيەت مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىر تەرەپتىن شەرئىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىھات بىلەن كىرىشىپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بەند بولۇپ، ئەدەبىيات، ئەخلاق، تارىخ ـ تەزكىرە، دىن، پىسخولوگىيە ۋە تەرجىمىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە زور تۆھپە قوشقان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىي 1850 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرىدىن «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خاجىگان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھف»، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھىي» (ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلارنىڭ تاجنامىسى)، «زۇبدەتۇل ـ مەسائىل ۋەلئەقائىد» (تاللانغان مەسىلىلەر ۋە ئەقىدىلەر)، «ئادابۇس ـ سالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەبلىرى)، «رىسالەئى كەسىپدار» (كەسىپدارلار رىسالىسى)، «قىياپەتۇلبەشەر» (ئىنساننىڭ قىياپىتى)، «كەشفۇل ـ قۇلۇب» (قەلبلەرنى ئېچىش)، «ئىسلام ئاساسلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرىي»، «تەرجىمەئى تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»نى كۆچۈرگەن خۇشخەتلىك

نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

«ئادابۇس ـ سالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەبلىرى) مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق تېمىسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تېخىمۇ بېيىتىلىپ، بىرقەدەر تەپسىلىي، ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرى ۋە شىنجاڭدىكى مەدرىسىلەردە زۆرۈر ئەخلاق دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. سانكت ـ پېتېربۇرگ، تاشكەنت، كالكوتتا ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە قېتىم رۇس، تۈرك ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئەسەرنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، بىرىنچى قېتىم تاشكەنتتە (1895 ـ يىلى)، ئىككىنچى قېتىم سانكت ـ پېتېربۇرگدا (1915 ـ يىلى) نەشر قىلدۇرغان شەرقشۇناس ئالىم ن. س. لېكوشىن بۇ ئەسەرگە «شەرقنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق مەجمۇئەسى» دەپ نام بەرگەن.


٢٢٣

نینک سببیب انکا عمل قیلماق لاری لازم کیلدی تاکه بولارهم طلب و سلوک
لاریدین فائده تاپیب اولوغ لار مرتبه لاریغه یتکای لار و اوشبو نسخه ده
ضروری آداب ظاهر و باطنی نینک اصحاب شریعت و ارباب طریقیت
کتب معتبرلاریدین جمع قیلندی شفقة للطلاب و طلبا لمرضاة رب الارباب
انه مسهل لکل الصعاب و فاتح لمغلقات الابواب و بو کتاب کا آداب
الصالحین آت قویولدی و ترتیب بیریلدی یتی باب برله و هر قیسی
باب فی ینه تورت فصل برله منه المبدا والیه المعاد باب اول استیذان
وسلام و مصافحه و تقبیل ایدی بیاننده دور تورت فصل برله فصل اول
استیذان یعنی برکشی آلدیغه کرماقغه اذن طلب قیلماقنی آدابی بیانیده دور
ترانده بیش ادب بار دور آدب اول هرکیم برکشی نی ایشکا باریب
کرماک ایستاسه اول اول کشیکا اوزینی کیلکانینی ایشیک نی آرقه سیدین
بیلدورکای اوشبو طریقه ده که ایشیک نی آهسته قاقغای یا سر قیلغای
اینکچه اکر آواز چیقسه ایشیک نی آرقه سیدین انکا سلام بیروب ایتغای [illegible]
ایتغای که ایچکاری کرای مو و اذن تیلاماک تا اوچ مرتبه غچه دور و هر اذن تیلا
کان دین سونک تورت رکعت نماز او قوماق مقداری توقف قیلغای اوچونچی
اکراوی ایکاسی اوچ مرتبه دین سونک کرشکا اذن بیرماسه و آوازی چقماسه کو
الحاح قیلماغای و ایشیکدین تیز قایتغای تورتونچی اکراوی ایکاسی
سورسه که سیز کیم بولورسیز جوابیغه آتینی ایتکای آما من یا سیز نینک قلونکیز
یا دوستونکیز دیماکای که اشتباه کا سالور بیشینچی اکراوی ایکاسی همراه
بولسه و آنی باشلاب الیب بارغوچی بولسه اذن طلب قیلماغای
کیرنسکا ایشیک کا کیلکاندین سونک ایکینچی فصل سلام نینک ادب لاری

دېمىسىمۇ، ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى 10 ـ ئەسىردە تەبەرىستاندا ئۆتكەن دۆلەت ئەربابى ئەبۇلھەسەن ۋەشمېگىر قابۇس تەرىپىدىن يېزىلغان «قابۇسنامە» ۋە 15 ـ ئەسىردە ھېراتتا ياشىغان ئالىم مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىي تەرىپىدىن يېزىلغان «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى)» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان، بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەدەپ ـ ئەخلاق دەستۇرى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. بۇ ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئەخلاقىي تەشەببۇسلار خەلقىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ۋە گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، دۆلەتنى قانۇن ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 1314 ـ يىلى (مىلادىيە 1895 ـ 1896 ـ يىللىرى) ھاجى ئاببас

ئەفەندى مەتبەسىدە كونا ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان تاشباسما نۇسخىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ نەشرگە تەييارلاندى. ئەرەبچە سۆز - جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا نەشرگە تەييارلىغۇچىغا قىممەتلىك ياردىمىنى ئايىمىغان ئوبۇلقاسىم تۇرۇپقا تەشەككۇر ئېيتىمىز.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئەسەر ئېنى دەۋردە قويۇق ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ياشىغان بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدا دىنىي ئامىللار خېلىلا قويۇق ئىپادىسىنى تاپقان. مۇنداق بولۇشى ئالىمنىڭ ياشاش شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەسەردىن پايدىلانغاندا بۇ تەرەپلەرنىمۇ نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئەسەردە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مىزانلىرى، ئۆز قىممىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر ۋە ئەخلاقىي دەۋەتلەر بار، شۇنداقلا ۋاقتى ئۆتكەن قىسمەن تەشەببۇس ۋە ئادەتلەرمۇ ساقلانغان. بىز ئەسەرنىڭ تەتقىقات قىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، كلاسسىك مىراسلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش پرىنسىپى بويىچە بۇ ئەسەرنىڭ تېكىستىنى قىسقارتماستىن تولۇق ئېلان قىلدۇق. ئەمما، ئۇنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭدىكى ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىجابىي ئامىللار بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى تەرەپلەرنى ئېنىق ئايرىشىمىز، ئۇنىڭغا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جىمى ھەمدۇ سانالار ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ قەلبىنى گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل ئەدەب ھەدىيەلىرى بىلەن بېزىگەن ئاللاغا خاستۇر. ئېسىل ئەخلاق ۋە چىرايلىق ئەدەبلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز، خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەدەب - ئەخلاقىنى ئۆزىدە شەكسىز مۇجەسسەملەشتۈرگەن كەرەملىك ئەسھابلىرىغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى بولسۇن!

ئاللاغا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ساھابىلىرىگە دۇرۇد ئاداسىدىن كېيىن، ئىلىم - ئېرپان ئەربابلىرىغا ئوچۇق ۋە ۋىجدان زوقمەنلىرىگە ئېنىق ئايانكى، ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ھۈنىرىدەك ئەبەدىي سائادەتتۇر. يامانلارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى مەڭگۈلۈك بەختسىزلىكنىڭ ئۇرۇقىدۇر، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى كۆپتىن - كۆپ پايدىلار بېرەر، بولۇپمۇ ئەدەب ھەققىدە. چۈنكى، تالىبى سادىق (ھەقىقىي تەلەپكارلار)نىڭ ئىچ - تېشى ئەدەب قائىدىلىرى ۋە گۈزەل خۇلقلار بىلەن زىننەتلەنمىسە، تەلەپلىرى ئاڭا ھېچ پايدا بەرمەيدۇ، تۇتقان يولىدىن ئەسلا نەتىجە ئالالمايدۇ. بىلگىنكى، ئىشق يوللىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەبلەردۇر. پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى تائالانىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە يېتىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەقسىتىنى ئەدەب يولىدىن تاپتى. ئەدەبسىزلەر مەھرۇم قالدى.
مەسنەۋى:

بى ئەدەب تەنھا نە خۇدرا داشت بەد،
بەلكى ئاتەش دەر ھەمە ئافاق زەد.

(ئەدەبسىز پەقەت ئۆزى ئۈچۈن يامانلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا ئوت قويىدۇ).

بەس، سادىق ئىلىم تەلەپكارلىرى ۋە ئەزىز شاگىرتلار زاھىرىي ۋە باتىنىي (ئىچكى ۋە تاشقى) ئەدەبلەرنى بىلىپ، ئاڭا ئەمەل قىلماقلىرى لازىمدۇر. شۇندىلا بۇلار تەلەپلىرى ۋە مەسلەكلىرىدىن پايدا تېپىپ، ئۇلۇغلار مەرتىۋىسىگە يەتكۈسى. بۇ نۇسخىدىكى زۆرۈر بولغان زاھىرىي ۋە باتىنىي ئەدەبلەر شەرىئەت ئىخلاسمەنلىرى ۋە تەرىقەت ئىگىلىرىنىڭ مۆتىۋەر كىتابلىرىدىن جەمئىي قىلىندى. تەلەپكارلارغا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرى تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، شەكسىزكى، بۇ كىتاپ ھەممە قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچى، ئېتىلگەن ئىشىكلەرنى ئاچقۇچىدۇر. بۇ كىتابقا «ئادابۇس ـ سالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەبلىرى) دەپ ئات قويۇلدى، يەتتە بابتىن تۈزۈلدى ۋە ھەربىر باب تۆت پەسىل قىلىپ رەتلەندى.

## بىرىنچى باب ئىزنى (رۇخسەت) سوراش، سالاملىشىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە (يۈزىگە) سۆيۈپ كۆرۈشۈشنىڭ بايانى

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈندۇ.

### بىرىنچى پەسىل، ئىزنى سوراش، يەنى بىر كىشىنىڭ ئالدىغا كىرمەككە ئىزنى (رۇخسەت) تەلەپ قىلماق ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا بەش ئەدەب بار:

**بىرىنچى ئەدەب،** ھەر كىم بىر كىشىنىڭ ئىشىكى (ئالدىغا) بېرىپ، (ئىچكىرىگە) كىرمەكنى ئىستىسە، ئاۋۋال ئۇ كىشى (ئۆي ئىگىسى) گە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا بىلدۈرسۇن ھەم شۇ تەرىقىدە ئىشىكنى ئاستا قاقسۇن ياكى شەپە بەرسۇن.

**ئىككىنچى ئەدەب،** ئەگەر ئاۋاز چىقسا، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىپ، «ئىچكىرىگە كىرەيمۇ؟» دەپ سورىسۇن. سوراش ئۈچ قېتىم بولۇپ، ھەربىر قېتىم سورىغاندىن كېيىن، بىرئاز ۋاقىت توختاپ يەنە سورىسۇن.

**ئۈچىنچى ئەدەب،** ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۈچ قېتىم (سورىغاندىن) كېيىنمۇ ئىجازەت بەرمىسە ھەم ئاۋاز چىقمىسا، يەنە ساقلاۋەرمىسۇن ۋە ئىشىك ئالدىدىن تېز قايتسۇن.

**تۆتىنچى ئەدەب،** ئەگەر ئۆي ئىگىسى «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن، ئەمما «مەن» ياكى «سىزنىڭ قۇلىڭىز» ۋەياكى «دوستىڭىز» دېمىسۇن. مۇنداق جاۋاب ئۆي ئىگىسىنى شۈبھىگە سالىدۇ.

**بەشىنچى ئەدەب،** ئەگەر ئۆي ئىگىسى ھەمراھ بولغان ھالدا ئۇنى باشلاپ ماڭغان بولسا، ئىشىككە كەلگەندە ئۆي ئىگىسىدىن ئىزنى تەلەپ قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ.

### ئىككىنچى پەسىل، سالاملىشىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون ئىككى ئەدەب بار:

**بىرىنچى ئەدەب،** ئىككى مۇئمىن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل كەلسە، خاھ تونۇش بولسۇن، خاھى ناتونۇش بولسۇن، سالام بېرىشكەي. سالام بەرمەك سۈننەتتۇر. ئەگەر سالام بېرىلگەن كىشى بىر ئادەم بولسا، جاۋاب سالام قايتۇرۇش پەرزدۇر. كۆپ ئادەمگە سالام بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ۋاكالىتەن جاۋاب سالام بەرسە كۇپايىدۇر.

ئىككىنچى ئەدەب، سالامنى شۇنداق ھالەتتە ئادا قىلسۇنكى، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېسۇن ياكى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دېسۇن، ئەمما «ئەسسالامۇئەلەيك» ياكى «سالامۇئەلەيكۇم» دېمىسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، ئىسلام ئالىملىرى (ئاللا ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي)نىڭ سۆزلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» ياكى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دەپ جاۋاب بەرسۇن. جاۋاب سالامدا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېسۇن، «ۋەئەلەيك» دېمىسۇن. «ۋەئەلەيكۇم» دىكى «ۋە (ۋاۋ)» نى چۈشۈرۈپ قويمىسۇن ھەم يەنە ھايالسىز جاۋاب بەرسۇن. ئەگەر كېچىكتۈرسە، قەرز گەدىنىدىن ساقىت بولمايدۇ. جاۋاب سالامنى چوقۇم سالام بەرگۈچىگە ئىشىتتۈرسۇن، ئۇنداق بولمىسا، قەرز ئادا بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى كىشى بىر - بىرىگە بالدۇر سالام بېرىشنى نىيەت قىلىپ سالام بېرىشكەندە، بىرى ئىلگىرى، بىرى كېيىن بولۇپ قالسا، جاۋاب سالام ئادا تاپقاي، لېكىن ئىككى سالام بىرلا ۋاقىتتا بېرىلگەن بولسا، بىر - بىرىگە جاۋاب بولماس. ھەر ئىككىيلەن ئالاھىدە جاۋاب سالام قايتۇرۇش لازىمدۇر.

تۆتىنچى ئەدەب، ئەگەر كىشى بىر جامائە مۆئمىنلەرنىڭ ئالدىغا كىرسە، (ئۇلاردىن) بىر كىشىنى كۆزلەپ سالام بەرمىسۇن، بەلكى بارچە جامائەتنى كۆزدە تۇتسۇن. ئەمما، كوچىدا ياكى بازاردا بىر كىشىنى خاس قىلىپ سالام بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر جامائەت بىر كىشىگە سالام بەرسە، ئۇل كىشى ھەممىگە باراۋەر جاۋاب سالام بېرىشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇلاردىن بىرىنىلا كۆزلەپ جاۋاب سالام بەرسە، باشقىلارنىڭ سالىمى جاۋابسىز قالىدۇ، ئۇ ھالدا قەرز ئادا بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە بىراۋدىن سالام ئەۋەتسە، ئۇل سالامنى يەتكۈزگۈچىنىڭ سالام يەتكۈزۈشى ۋاجىپتۇر. بۇ ھالدا سالام بەرگۈچى جاۋاب سالىمى بېرىشى، ئەمما سالام ئېلىپ كەلگۈچىنى جاۋاب سالامغا قوشۇشى ياخشى ئىشتۇر. بۇ ھالدا «ۋەئەلەيكە ۋەئەلەيھى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېسۇن. ئەگەر سالام مەكتۇبى تاپشۇرۇپ ئېلىنسا، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب سالام يېزىش لازىمدۇر.

بەشىنچى ئەدەب، سالام بەرگەن ۋاقىتتا بېشىنى زىيادە تۆۋەن قىلمىسۇن ۋە يەنە قول، كۆكسى ياكى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن، بۇ يامان ۋە يېقىمسىزدۇر.

ئالتىنچى ئەدەب، قارشى تەرەپ بىلگۈدەك ئېنىق ھەم ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا سالام بەرمەك كېرەك، جاۋاب سالامنى سالام بەرگۈچىگە ئاڭلىتىپ قايتۇرۇش كېرەك. گاس كىشىگە سالام بېرىلگەندە، ئۈنلۈكرەك ئاۋاز ياكى قول ئىشارىتى بىلەن سالام بېرىلگەي. ئەگەر قول بىلەن ئىشارەت قىلىنمىسا، سالام بېرىلگۈچى ئاڭلىمىسا ئاڭا تىل بىلەن جاۋاب سالام لازىم ئەمەس. ئەگەر گاس كىشى سالام بەرسە ھەم سۆز بىلەن، ھەم ئىشارەت بىلەن جاۋاب سالام بېرىلگەي. تىلسىز كىشى سالامغا ئىشارەت بىلەن جاۋاب بەرسە قەرز ئادا بولىدۇ. ئەگەر تىلسىز كىشى سالام بەرسە، جاۋابى تىل بىلەن قايتۇرۇلغاي ھەم ئىشارەتمۇ قىلىنغاي. شۇندىلا سالام قەرزى ئادا بولىدۇ.

يەتتىنچى ئەدەب، چوڭ كىشى كىچىككە، ئاتلىق كىشى پىيادە كىشىگە، ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، خوجايىن خىزمەتچىسىگە، ئاز كۆپكە ئاۋۋال سالام بەرسۇن.

سەككىزىنچى ئەدەب، ناتونۇش كىشى يالغۇز ھالەتتە ساھىبجامال ئايالغا سالام قىلمىغاي. ئەگەر سالام بەرسە، جاۋاب ئالمىغاي. ئايال كىشى ئۆزىدىن چوڭ بولسا ياكى ساھىبجامال بولمىسا، سالام بەرمەك راۋادۇر. ئەگەر ئۇ ئايال سالام بەرسىمۇ، ئاڭا جاۋاب سالام لازىمدۇر. ئەمما، ئۆز خاتۇنىغا ۋە

مەھرەملىرىگە ئۇلار ھەرقانچە چىرايلىق بولغان ھالەتتىمۇ سالام بەرمەك جايىزدۇر ۋە جاۋابمۇ بېرىش لازىمدۇر. ئاياللار بىر - بىرىگە سالام بەرمەكلىك سۈننەت، سالامغا جاۋاب بەرمەكلىك پەرزدۇر. ئەگەر بىر كىشى ناتونۇش ساھىبجامال ئاياللار توپىغا سالام بەرسە ھېچ زىيىنى يوق ھەم ئۇلار جاۋاب سالام بەرمىكى لازىم. ئەگەر ئۇلار سالام بەرسە ھەم جاۋاب سالام بەرمەك لازىم. ئەگەر كۆپ كىشى بىر ناتونۇش ساھىبجامال ئايالغا سالام بەرسە، يا شۇنداق ئايال بىر جامائەتكە سالام بەرسە، بۇ ئىككى ئەھۋالدا جاۋاب سالام بەرمەك لازىم. شەرت شۇكى، ئوتتۇرىدا پىتنە بولماسلىقى كېرەك!

توققۇزىنچى ئەدەب، تۆۋەندىكى ئون بىر خىل ھالەتتە سالام بەرمەك مەكرۇھ (يېقىمسىز، نالايىق) دۇر، بېرىلگەن سالامغا جاۋابمۇ بەرمەسلىك كېرەك:

بىرىنچى، ھاجەت قىلىۋاتقان كىشىگە؛ ئىككىنچى خوتۇنىغا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقان كىشىگە؛ ئۈچىنچى، ئۇخلاۋاتقان كىشىگە؛ تۆتىنچى، ھامام (مۇنچا) دىكى كىشىگە؛ بەشىنچى، تائام يەۋاتقان كىشىنىڭ ئاغزىدا تائام بار بولسا، سالام بەرمەسلىك كېرەك. لېكىن، ئاغزىدا تائام بولمىسا، سالام بېرىش ۋە جاۋاب سالىمى قايتۇرۇش لازىمدۇر. ئالتىنچى، خۇتبە ئوقۇۋاتقان خاتىپقا؛ يەتتىنچى، ئەزان ئوقۇۋاتقان مۇئەززىنگە؛ سەككىزىنچى، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىگە؛ توققۇزىنچى، قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشىگە؛ ئونىنچى، دۇئا قىلىۋاتقان كىشىگە؛ ئون بىرىنچى، تەلەپ ئېيتىپ تۇرغان خىزمەتچىگە.

ئونىنچى ئەدەب، پىتنە - پاسات تارقاتقۇچى كىشىگە، پاسىق، ناپاك كىشىگە ۋە زالىم كىشىگە سالام بەرمەسلىك، ئۇلار سالام بەرسىمۇ جاۋاب بەرمەسلىك لازىم. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى كىتاب ئەھلىلىرىگە① سالام بەرمەكچى بولسا، بۇ تەرىقىدە ئېيتقايكى: «توغرا يولغا ماڭغان كىشىلەرگە سالام». ئەگەر ئۇلارغا خەت ئەۋەتسە، مەكتۇپ ئاخىرىدا ھەم مۇشۇنداق سالام ئېيتقاي.

ئون بىرىنچى ئەدەب، ئەگەر زىممى (مۇسۇلمانلار ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان باشقا دىن ئادىمى) مۇسۇلمانغا سالام بەرسە، ئۇنىڭ جاۋابىغا «ۋەئەلەيكۇم» دېسۇن.

ئون ئىككىنچى ئەدەب، ۋىدالىشىش (خوشلىشىش) ۋاقتىدىمۇ سالام بېرىش سۈننەتتۇر، بولۇپمۇ ئۆلىمالار (ئالىملار) يېنىدا.

## ئۈچىنچى پەسىل، مۇلاقات (ئۇچرىشىش) ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئالتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، ئۇچراشقاندا قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۇش لازىم.

ئىككىنچى ئەدەب، ئىككى ئالىقاننىڭ يۈزى بىلەن (قول ئېلىشىپ) كۆرۈشۇش لازىم. ئەمما، قول ئۇچى بىلەن ئەمەس، ئىككى ئالىقانىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزگەن ھالدا كۆرۈشۇش لازىم. چۈنكى، مۇسافەھە (كۆرۈشۇش) دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ئالىقان يۈزىنى ئالىقان يۈزىگە قويۇپ تۇرۇپ كۆرۈشۈشنى بىلدۈرىدۇ. سۈننەت(قائىدە)مۇ شۇنداق. يەنە كۆرۈشۈشكە ئاۋۋال قول ئۇزارتقان كىشى تاكى ھەمراھى قولىنى تارتمىغۇچە، قولىنى تارتمىسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، كۆرۈشۇش ۋاقتىدا يۈزىنى ئۇچۇق تۇتسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە سەلاۋات ئېيتسۇن: «ئى ئاللا! مۇھەممەد

① كىتاب ئەھلىلىرى — بۇ يەردە خرىستىئانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن.»①

بەشىنچى ئەدەب، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە تۆۋەندىكىچە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ مەغپىرەت تەلەپ قىلسۇن: «ئى ئاللا، بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!»

ئالتىنچى ئەدەب، بىئەدەپ، زالىم، پاسىق، ناپاكلار بىلەن، شۇنىڭدەك ئاياللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشتىن ساقلانسۇن.

## تۆتىنچى پەسىل، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە قولنى سۆيۈش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا تۆت ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، سەپەردىن كەلگەن كىشى ئۆزىنى كۈتۈۋالغان كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشسۇن، كىچىك بالىلارنى قۇچاقلاپ ھەم يۈزىدىن سۆيۈپ كۆرۈشسە جايىزدۇر. ئەمما، ساقالسىز چىرايلىق ياش يىگىتلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىسۇن. چۈنكى، بۇ بەك يېقىمسىزدۇر. مەيلى مۇساپىر، مەيلى تۇرغۇن كىشىلەر بولسۇن، ھېچكىم ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىسۇن.

ئىككىنچى ئەدەب، بىر جايدا بىللە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن ھەر كۈنلۈك ئۇچرىشىشلاردا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىسىمۇ بولىدۇ. ئارىلىقتا بىرقانچە كۈن ئۆتكەن بولسا مەيلى.

ئۈچىنچى ئەدەب، سالىھ (ياخشى) كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيمەك مۇستەھەب (يېقىملىق) دۇر.

تۆتىنچى ئەدەب، كۆرۈشۈش ۋاقتىدا ئۇلۇغ ۋە تەۋەررۈك كىشىلەرنىڭ قولى ۋە ئاياغلىرىنى سۆيسە بولىدۇ.

# ئىككىنچى باب ئۇخلاش، يول يۈرۈش ۋە ئاتقا مىنىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇ تۆت پەسىلدىن تۈزۈلگەن.

## بىرىنچى پەسىل، ئۇخلاش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، تەرىقەت سۇلۇكىگە كىرگەن كىشى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، بۇ كەلىمىنى ئوقۇسۇن: «كەچ قىلدۇق، پۈتۈن دۇنيا ئاللا ئۈچۈن كەچ قىلدى. جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاللاغا خاستۇر، يېگانە ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، دۇنيانىڭ مۈلكى ئاللانىڭدۇر، ئاللا ھەممىگە قادىردۇر. ئى ئاللا، سەندىن بۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەم بۇ كېچىدىن كېيىنكى ياخشىلىقنى سورايمەن. سەندىن بۇ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە بۇ كېچىدىن كېيىنكى يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن؛ ئى ئاللا، سەندىن دوزاخ ۋە قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن؛ ئى ئاللا،

① بۇ ئەسەردىكى ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا ئوقۇلىدىغان ھەرخىل ئايەت ۋە دۇئالارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىلا بېرىلدى.

سەندىن ھۇرۇنلۇق ۋە يامان كىبىرلەردىن پاناھ تىلەيمەن».

تاڭ يورۇغاندىن كېيىن: «تاڭ ئاتقۇزدۇق، دۇنيانىڭ مۈلكى ئاللا ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇزدى» دېسۇن ھەمدە يۇقىرىدىكى دۇئانى (دۇئادىكى «بۇ كېچىنىڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «بۇ كۈندۈزنىڭ» دېگەن سۆزنى ئېلىپ) ئوقۇسۇن. خەۋەردە كەلتۈرۈلۈپتۇكى، ھەركىم ئەتىگەن ۋە كەچتە: «ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى» دېسە، ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن ئىش باشلىغان ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشتا ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچبىر شەيئى زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللا ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

يەنە ھەدىس شەرىفتە كەلتۈرۈلۈپتۇكى، ھەر كىم شام ۋاقتىدا: «ئاللاتائالانىڭ پەرۋەردىگارىم ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىنىم ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىكىگە رازى بولدۇم» دېسە، خۇدايتائالا ئۇ كىشىدىن رازى بولغاي.

ئىككىنچى ئەدەب، ئۇخلاش ئالدىدا ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقىسۇن، قاچا ـ ئىدىشلارنىڭ ئېغىزىنى چىڭ ئەتسۇن، توشەكنى يېڭى ياكى تونى بىلەن سۈپۈرسۇن، كۆرپىنى ئۈچ قېتىم سىلكىۋېتىپ سالسۇن. ئوت ۋە چىراغنى ئۆچۈرسۇن، بولارنىڭ بارچىسى سۈننەتتۇر.

ئۈچىنچى ئەدەب، ھەرخىل زىيان ـ زەخمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «ئاللاتائالانىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن ئاللا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئاللاتائالانىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن ئاللانىڭ غەزىپى، جازاسى ۋە بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىغا ئۇچرىمىغايمەن، شەيتاننىڭ ھازىر بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»، بۇنى ئوقۇسا ئۇيقۇدا ئاڭا ھېچنەرسىدىن زەرەر يەتمىگەي. ئەگەر بۇ دۇئانى يېزىپ كىچىك بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسا، ئۇ كىچىك بالىغا ھېچبىر زەرەر يەتمەس.

تۆتىنچى ئەدەب، ئۇخلايدىغان جايغا بەك يۇمشاق نەرسىلەرنى سالمىسۇن ۋە يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ، ئوڭ قولىنى تەكيە قىلىپ بىردەم ياتسۇن، بۇ سۈننەت.

بەشىنچى ئەدەب، قولىنى تەكيە قىلغان ۋاقتىدا بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «ئى رەببىم، مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ياتتىم ھەم سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تۇرىمەن. ئەگەر مېنىڭ جېنىمنى توختاتساڭ، جېنىمغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر توختاتمىساڭ، سېنىڭ ياخشى بەندىلىرىڭنى ساقلىغان نەرسە بىلەن ئۇنى ساقلاپ قالغىن» ھەم بۇ ئىستىغپارنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسۇن: «ئاللاتائالادىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەيمەنكى، ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا مەڭگۈ تىرىكتۇر، ھەرقاچان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاغا تەۋبە قىلىمەن». ۋە يەنە «ئامەنەررەسۇلۇ» نى ئاخىرىغىچە ئوقۇسۇن.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغان)دىن رىۋايەت قىلىنىپتۇكى: ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇخلىماقچى بولسا، تەۋەررۇك كىيىملىرىنى سېلىپ، تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى مۇبارەك ئالىقىنىنى جەم قىلىپ سۈرە ئىخلاس ۋە مۇئەۋۋەزەتەيىن (ئاللاتائالادىن پاناھ تىلەيدىغان سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسدىن ئىبارەت ئىككى سۈرەنى كۆرسىتىدۇ)نى ئوقۇپ، مۇبارەك قوللىرىغا دەم ئۇرۇپ، ئاۋۋال بېشىغا، ئاندىن بارچە ئەزالىرىغا سۈرەتتى. بۇ ئەمەلنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن مۇبارەك ئوڭ ئالىقىنىنى ئوڭ يۈزىگە قويۇپ يېتىپ بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «ئى رەببىم، مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ياتتىم ھەم سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تۇرىمەن. ئەگەر مېنىڭ جېنىمنى توختاتساڭ جېنىمغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر توختاتمىساڭ، سېنىڭ ياخشى بەندىلىرىڭنى ساقلىغان

نەرسە بىلەن ئۇنى ساقلاپ قالغىن». ئۇ بۇنىڭدىن باشقىمۇ دۇئالارنى ئوقۇر ئىدى.
ئالتىنچى ئەدەب، ئۇيقۇدىن تۇرغان ۋاقتىدا بۇ ھەمدۇ سانا كەلىمىسىنى تىلغا ئالسۇن: «بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلىش، جېنىمىزنى ئېلىش ھەم قايتا تىرىلدۈرۈپ ھېساب ئېلىش شۇنىڭغىلا خاس بولغان ئاللاتائالاغا جىمى ھەمدۇ سانا خاستۇر». ئەگەر كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەي، ئۇيقۇسىزلىق قىينىسا، بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئىنشائاللا ئۇيقۇسى كەلگەي: «ئى ئاللا، يۇلتۇزلار كۆرۈندى، كۆزلەر ئۇخلىدى، سەن مەڭگۇ تىرىك تۇرغۇچى، سېنى مۈگدەك ۋە ئۇيقۇ تۇتمايدۇ. ئى مەڭگۇ تىرىك تۇرغۇچى ئاللا، كېچەمنى خاتىرجەم قىلغىن ۋە كۆزۈمنى ئۇخلاتقىن».
يەتتىنچى ئەدەب، ياخشى چۈش كۆرسە ئاشكارىلىسۇن ۋە شۈكۈر قىلسۇن. يامان ھەم ۋەھىملىك چۈش كۆرسە ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىسۇن ۋە ئۇنىڭدىن (چۈشىدىكى يامانلىق، ۋەھىمىدىن) پاناھ تىلىسۇن. چەپ (سول) تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن: «ئى ئاللا، چوقۇمكى مەن سەندىن شەيتاننىڭ ئەمىلى ۋە چۈشلەرنىڭ يامىنىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېسە، كۆرگەن چۈشىدىن ئاڭا ھېچ زەرەر يەتمەيدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل، كىيىم كىيىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:
بىرىنچى ئەدەب، كۆڭلى بىرلا كىيىمگە باغلىنىپ قالمىسۇن، قانداق كىيىمگە ئېرىشەلىسە شۇنى كىيىۋەرسۇن. ھەزرىتى رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) قايسى كىيىم توغرا كەلسە كىيىۋېرەتتى، ھەرگىزمۇ بىر كىيىمگە باغلىنىپ قالمايتتى. مەيلى كۆڭلەك بىلەن ئىشتان ياكى رىدا بىلەن ئەۋزار بولسۇن ياكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كىيىمى بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىملىرى بولسۇن، مەيلى دۇبۇلغا ساۋۇت بولسۇن ياكى ئادەتتىكى تاشقى كىيىملەر بولسۇن ۋە ياكى تېرە كىيىملەر بولسۇن، مەيلى ئۆتۈك بولسۇن ياكى كالاچ بولسۇن ھەممىسىنى كىيىۋېرەتتى.
ئىككىنچى ئەدەب، كىيىم كىيىشتە تەكەللۇپ قىلمىسۇن، كۆپ ۋاقىتلاردا ئاددىي كىيىم كىيسۇن.
ئۈچىنچى ئەدەب، كۆڭلەك ۋە باشقا كىيىملەرنىڭ يېڭى قولنىڭ بېغىشىغىچە ياكى بارماق ئۇچىغىچە بولسا مۇۋاپىقتۇر. ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولسا مەكرۇھ ۋە سۈننەتكە خىلاپتۇر. كىيىمنىڭ يېڭىنى كەڭ قىلماق سۈننەتدۇركى، تار بولۇشى بىدئەتتۇر. كۆڭلەك ۋە ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە ياكى ئوشۇققىچە بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولسا بىدئەتتۇر.
تۆتىنچى ئەدەب، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاق كىيىم كىيىش سۈننەتتۇر. خۇسۇسەن، ئەرلەرگە قىزىل ياكى سېرىق كىيىم كىيىش مەكرۇھدۇر.
بەشىنچى ئەدەب، كىيىمنى پاكىزە تۇتقاي، ئىشەنچلىك ھەدىستە ئېيتىلىپتۇركى: « پاكىزلىق ــ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر». بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغىنى بويىچە ھەممە نەرسىلەرنى پاكىزە تۇتۇش، بولۇپمۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى پاكىزە تۇتۇش لازىمدۇر.
ئالتىنچى ئەدەب، ئەھلى نېئمەت (قول ئىلكىدە بار) كىشىلەر ياخشى كىيىملەرنى كىيسۇن. بۇ ئاللانىڭ بەرگەن نېئمىتىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن بولسۇن، كىبىر ۋە مەنمەنلىك ئۈچۈن بولۇپ قالمىسۇن. تەرىقەت ئەربابلىرى (ئاللا ئۇلارنىڭ روھىنى پاك قىلغاي) ئېيتىپتۇكى، گۈزەل ۋە ياخشى كىيىم كىيمەك شۇنداق كىشىلەرگە جايىزدۇركى، ئەگەر ئۇلاردا ياسانچۇقلۇق ھېرىسمەنلىكى بولمىغان بولسا ۋە نەپسىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسا.

**يەتتىنچى ئەدەب**، يېڭى كىيىم كىيگەندىن كېيىن مۇنداق ھەمدۇ سانا ئېيتسۇن: «جىمى ھەمدۇ سانا ماڭا بۇ كىيىمنى كىيگۈزگەن ئاللاتائالاغا خاستۇر»، ئاندىن كونا كىيىمنى سەدىقە قىلىۋەتسۇن. ھەدىس شەرىفتە ئېيتىپتۇكى، ھەر كىشى يېڭى كىيىم كىيگەندە مۇشۇنداق ئىش تۇتسا، ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ پاناھىغا ئېرىشىپ، بارچە ئاپەت ۋە بالالاردىن ئامان بولغۇسى، تاكى ئۆلگىچە توغرا يولدىن ئازمىغاي، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ خۇدايى تائالانىڭ پاناھلىقى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا بولغاي. ھەر كىشى يېڭى كىيىم كىيگەن ھالىتىدە: « جىمى ھەمدۇ سانا مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ كىيىمنى رىسىق قىلىپ بەرگەن ۋە ماڭا بۇ كىيىمنى كىيگۈزۈپ قويغان ئاللاتائالاغا خاستۇر» دەپ ئېيتسا، خۇدايى تائالا بەندىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇسى. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدەرى (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىپتۇكى، ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولغاي) مەيلى كۆڭلەك، مەيلى ئىشتان ياكى سەللە بولسۇن ھەرقانداق يېڭى كىيىم كىيگەن ۋاقتىدا: «ئى ئاللا، سەندىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىم ئۈچۈن بولىدىغان ياخشىلىقنى سورايمەن ۋە بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن، بۇ كىيىم ئۈچۈن بولىدىغان يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

## ئۈچىنچى پەسىل، يول يۈرۈش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون يەتتە ئەدەب بار:

**بىرىنچى ئەدەب**، ئۆيدىن بىر ئىشقا تەييارلىنىپ چىقار ۋاقتىدا بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللانىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ياردىمى بولمىسا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.» بۇنىڭغا قوشۇپ ئايەتەلكۇرسىنى ئوقۇسۇن. شۇنداق قىلسا، بارچە ئاپەت - بالالاردىن ئامان بولغۇسى. تاكى ئۆيگە يېنىپ كەلگۈچە ھەم ئىشكتىن كىرىشتە ئايەتەلكۇرسىنى ئوقۇسۇن. چۈنكى بۇنىڭ خاسىيىتى كۆپ.

**ئىككىنچى ئەدەب**، ئۆز ئورنىدىن چىققان ۋاقتىدا كۆزى ئاسمانغا چۈشسە بۇ ئايەتنى ئوقۇسۇن: «ئى رەببىمىز، ئۇنى بىكارغا ياراتمىدىڭ، سېنى بارچە ئەيىپ - نۇقساندىن پاك دەپ تونۇيمىز. بىزنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن». ئەگەر يېڭى ئاي كۆرسە بۇ كەلىمىلەرنى ئېيتسۇن: «ئى ئاللا، ئۇ ئاينى بىزگە ئىمان، ئىسلام، تەۋپىق، خاتىرجەملىك ۋە سالامەتلىك بىلەن چىقارغىن». ئەگەر، يۇلتۇزنىڭ ئۇچقىنىغا كۆزى چۈشسە، ئاڭا تىكىلىپ تۇرمىسۇن، تېز كۆزىنى تۆۋەنگە قارىتىپ بۇ كەلىمىنى ئوقۇسۇن: «ئاللا خالىغان ئىش بولىدۇ، ئاللانىڭ ياردىمى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ».

**ئۈچىنچى ئەدەب**، يول يۈرۈشتە قەدەمنى بەك تېز ئالمىسۇن، ئاستىمۇ ئالمىسۇن. بەلكى ئوتتۇراھال قەدەم ئالسۇن.

**تۆتىنچى ئەدەب**، ئىككى ئايىغىغا كالاچ كىيسۇن ياكى ئىككىلىسى يالاڭئاياغ بولسۇن. بىرىگە كىيىپ، يەنە بىرىگە كىيمەي يۈرمىسۇن. سەۋەبسىز ھالدا بىر پۇتىغا كالاچ، بىر پۇتىغا مەسە ياكى يەكپاي ئۆتۈك بىلەن يول يۈرمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىقلار مەكرۇھدۇر.

**بەشىنچى ئەدەب**، يول يۈرگەندە يالغۇز يۈرۈشتىن نومۇس قىلمىسۇن، خىزمەتكار ياكى بىرەر كىشىنى كەينىگە سېلىپ يۈرۈشكە كۆڭلى تارتىشىپ يۈرمىسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالمىسۇن.

**ئالتىنچى ئەدەب**، يول پاتقاق ۋاقتىدا يۈرگەندە قىستاڭ يەردە بىرەر كىشىگە دۇچ كەلسە، ئۇنىڭ كىيىمىدىن ئۆزىگە نىجاسەت يۇقۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمىسۇن.

**يەتتىنچى ئەدەب**، يول يۈرگەندە كۆزىنى قەدىمىدىن ئۈزمىسۇن ۋە ئەتراپقا بىھۇدە قاراپ يۈرمەي هوشيار هالدا يول يۈرسۇن.

**سەككىزىنچى ئەدەب**، يولدا ئېھتىيات بىلەن يۈرسۇن. بولۇپمۇ، بازاردا ۋە ئادەم كۆپ جايدا يۈرگەندە كىشىلەرگە ئۇنىڭدىن يېقىمسىزلىق ۋە دەخلە يەتمىسۇن. كىشىلەرنى يانپىشى بىلەن ئۈرۈپ سالمىسۇن ۋە پۇتىغا دەسسىۋالمىسۇن. ئەگەر ئىككى كىشى يولدا ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتمىسۇن. بولۇپمۇ خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىشتىن قاتتىق ساقلانسۇن. چۈنكى، بۇ ناھايىتى يېقىمسىز قىلىقتۇر.

**توققۇزىنچى ئەدەب**، يولدا قېرى كىشىلەرگە هۆرمەت - ئېھتىرام قىلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرسۇن. بولۇپمۇ پىر، ئۇستازى بىلەن بىللە يۈرگەندە، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرسۇن. ئېھتىيات بىلەن ماڭسۇنكى، ئۇلارنىڭ ئىزىغا قەدەم قويمىسۇن، بىئەدەبلىك بولىدۇ.

**ئونىنچى ئەدەب**، يولدا هەمراھلىرىغا ئېتىبار بەرگەن هالدا يۈرسۇن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرسە، بۇنىڭدىكى نىيەت خىزمەت قىلىش بولسۇن. ئەگەر كەينىدە يۈرسە، ئەدەب ۋە هۆرمەت قىلىش بولسۇن. هەممە ئەل - ئاغىنىلەر بىللە يول يۈرگەندە، بېلىقلار سۇ ئىچىدە يۈرگەندەك ئەركىن ئازادە بولسۇن. ئىلگىرى ۋە كېيىنلىك ئەسلا كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن.

**ئون بىرىنچى ئەدەب**، يول ئۈستىدە بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرمىسۇن. ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن سالاملىشىپ تېز مېڭىپ كەتسۇن. ئەگەر زۆرۈر سۆزلىرى بولسا، بىر يانغا چىقىپ سۆزلەشسۇن. ئەمما، مەنزىلدە ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇشقاندا بىر - بىرىنىڭ هال - ئەھۋالىنى سورىشىش ياخشى ئىش بولۇپ، دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ.

**ئون ئىككىنچى ئەدەب**، يولدا كىشىلەرگە قىيىنچىلىق يەتكۈزىدىغان تىكەن ۋە تاشقا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇچرىسا، باشقىلارنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يولدىن ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتسۇن، يول ئۈستىگە مىشقىرمىسۇن، تۈكۈرمىسۇن. ئەگەر مىشقىرغان ياكى تۈكۈرگەن بولسا، ئۇنى كۆمۈپ ياكى تازىلاپ ماڭسۇن. ئادەتتە ئالدىغا ۋە ئوڭ تەرىپىگە مىشقىرمىسۇن ۋە تۈكۈرمىسۇن، چەپ تەرىپىگە ياكى ئارقا تەرىپىگە تاشلىسۇن. قىبلە تەرەپكە تۈكۈرۈشتىن، مىشقىرىشتىن هەر ۋاقىت ساقلانسۇن. چۈنكى، بۇلارنىڭ هەممىسى ئەدەبسىزلىكتۇر.

**ئون ئۈچىنچى ئەدەب**، يولدا كېسەلچان، ئاجىز كىشىلەرنى كۆرسە، ئۇلارغا ياردەم قىلسۇن. ئەگەر خىزمەتكار ياكى كىچىك بالىلارنىڭ قولىدىكى قاچىلىرى چۈشۈپ كېتىپ سۇنغان ئىشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىدە قالغىنىنى كۆرسە، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا قاچا ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلسۇن.

**ئون تۆتىنچى ئەدەب**، يولدا كېتىۋېتىپ يىرگىنچلىك نەرسىلەرگە يولۇقۇپ، ئۇلاردىن نەپرەتلەنسە، مۇنداق دېسۇن: «ئى ئاللا، ياخشىلىقنى سەنلا كەلتۈرىسەن، يامانلىقنىمۇ سەنلا قايتۇرىسەن. ئاللانىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ياردىمى بولمىسا، هېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ». ئەگەر جىنازىنى كۆرسە: «قازا تاپمايدىغان ئاللالا بارلىق ئەيىب، نۇقساندىن پاكتۇر» دېسۇن. ئەگەر بەرەس ياكى جوزامغا ئوخشاش كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغان ئادەمنى كۆرسە، ئىچىدە: « جىمى هەمدۇ سانا

باشقىلارغا نېسىپ قىلغان كېسەلدىن مېنى ساقلىغان، مەخلۇقاتلارنىڭ كۆپلىرىدىن مېنى ئەزىز قىلغان ئاللاتائالاغا خاستۇر» دېسۇن. ھەرقانداق كىشى مۇنداق ھەمدۇ سانا ئېيتسا ھەرگىز ئۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولماس.

ئون بەشىنچى ئەدەب، جامائەت ئارىسىدا ياكى بازاردا بۇ كەلىمەئى تەۋھىدنى ئوقۇسۇن. چۈنكى، بۇنىڭ خاسىيىتى كۆپ: «يەككە ـ يىگانە ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر. دۇنيانىڭ جىمى مۈلكى ئاللانىڭدۇر. جىمى ھەمدۇ سانالار مەخلۇقاتلارنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە جېنىنى ئالىدىغان، مەڭگۈ تىرىك تۇرىدىغان ۋە قازا تاپمايدىغان، جىمى ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا بولغان ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ھەممىگە قادىردۇر».

ئون ئالتىنچى ئەدەب، كوچا باشلىرىدا بىكار ئولتۇرمىسۇن، ئەگەر ئولتۇرسا، يول ھەققىنى بەجا كەلتۈرسۇن، يول ھەققى شۇكى، نامەھرەملەرگە نەزەر سالمىسۇن. (كىشىلەرنىڭ) سالىمىغا جاۋاب بەرسۇن. يېنىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە يامانلىق قىلماسلىق توغرىسىدا تەرغىبات قىلسۇن، ئاجىزلارنىڭ نالە ـ زارىغا يەتسۇن.

## تۆتىنچى پەسىل، ئاتقا مىنىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، (ئاتقا مىنىش ئۈچۈن) پۇتنى ئۈزەڭگىگە قويغان ۋاقتىدا بۇ تەسبىھنى ئېيتسۇن: «بىزگە بۇ (ئات)نى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاتائالا پاكتۇر. بىز بۇ (ئات)نى بويسۇندۇرغۇچى ئەمەس ئىدۇق. چوقۇمكى بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىگە قايتقۇچى». ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىم «ئەلھەمدۇلىللا» (جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاغا خاستۇر)، ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇئەكبەر» (ئاللا ھەممىدىن بۈيۈكتۇر) دېسۇن ھەم بۇ كەلىمىنى ئوقۇسۇن: «ئى ئاللا، سېنى پاك دەپ تونۇيمەن، چوقۇم مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلدىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالمايدۇ».

ئىككىنچى ئەدەب، ئەگەر ئات سەركەش (ئىتائەتسىز) بولسا، بۇ ئايەتنى ئاتنىڭ قۇلىقىغا ئوقۇسۇن: «ئۇلار ئاللانىڭ غەيرىنى تەلەپ قىلامدۇ، ھالبۇكى ئاسمانۇ زېمىندىكى مەخلۇقاتلار ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالدا ئاللاغا بويسۇنىدۇ ۋە ئاللانىڭ تەرىپىگە قايتىدۇ». شۇنىڭدا ئۇ ئاتنىڭ زىيىنىدىن ئامان بولغۇسى.

ئۈچىنچى ئەدەب، ئاتلىق ماڭغان كىشى ھەرقانچە ئۇلۇغ، مەرتىۋىسى زىيادە بولۇپ، پىيادە كىشى ھەرقانچە پېقىر، كىچىك بالا ياكى مەجرۇھ، بىچارە بولغان ئەھۋالدىمۇ ئاتلىق كىشى پىيادە كىشىگە ئاۋۋال سالام بەرسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، ئاتنى يولدا ئېھتىيات بىلەن ھەيدىسۇنكى، ھېچبىر كىشىگە ئازار يەتكۈزمىسۇن. ھەرقانچە زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ، ئاتنى بەكمۇ تېز چاپتۇرمىسۇن. بولۇپمۇ لاي، پاتقاق يوللاردا.

بەشىنچى ئەدەب، ئاتلىق كىشى خىزمەتكارىنى بىللە ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئېتىبار قىلسۇن. ئەگەر خىزمەتكار ئاتنى يېتىلەپ ماڭغان بولسا، ئۇ بىچارە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتنى تېز ھەيدىمىسۇن. ئەگەر بارىدىغان جايى يىراق بولسا خىزمەتكارنىمۇ پىيادە ماڭدۇرمىسۇن. چۈنكى، بۇ ئىش بىدئەتتۇر ۋە ئالىيجانابلىققا خىلاپتۇر. شۇڭا، مۇمكىن بولسا

ئۇلارغىمۇ ئۇلاغ تېپىپ بەرسۇن. مۇمكىن بولمىسا ئۆزى مىنگەن ئۇلاغ ئىككى كىشىنى كۆتۈرەلىسە، خىزمەتكارىنى پات - پات مىندۈرۈۋالسۇن، ئۇنداق بولمىسا، ئۆزى پات - پات پىيادە يۈرۈپ نۆۋەتلىشىپ مىنسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، ئۇلاغنىڭ بېشىغا ۋە يۈزىگە تاياق ياكى قامچا بىلەن ئۇرمىسۇن. بىر يەردە ئات ئۈستىدە ئۇزاق توختاپ تۇرمىسۇن. ئات ئۈستىدە ئۇخلىمىسۇن ۋە مۈگدەپ قالمىسۇن. ئاتنى بەك ئاچ ۋە سۇسىز قويمىسۇن. يەنە بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق ئورۇندا قويمىسۇن، ئەگەر بارىدىغان يېرى بەك يىراق بولسا، بەزىدە ئاتتىن چۈشۈپ پىيادىمۇ يۈرسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ئەگەر ئات سەھرادا قېچىپ كەتسە: «ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى، ماڭا ياردەم قىلىڭلار» دەپ پەرىشتىلەرنى ئىككى قېتىم چاقىرسا، ئات توختاپ قالغۇسى.

## ئۈچىنچى باب سۆھبەتلىشىش ئەدەبلىرى ۋە شەرتلىرىنىڭ بايانى

بۇ باب تۆت پەسىلگە بۆلىنىدۇ.

### بىرىنچى پەسىل، تەرىقەت پېشىۋالىرى (ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ روھىنى پاك قىلغاي) سۆھبەتلىرىدىكى ئاشكارا ئەدەبلەرنىڭ بايانى

بۇنىڭ ھەممىسى ئون ئالتە ئەدەبتۇر:

بىرىنچى ئەدەب، پىر ئۇستازنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەتلىرىدە مۇرىت ۋە مۇخلىس بولغۇچى ئېھتىرام بىلەن تۆۋەنرەك ئورۇندا ئولتۇرسۇن. ئەگەر پىر يۇقىرىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇسا، بۇيرۇقىغا بويسۇنغاي. گەرچە پىر بۇيرۇغان ئورۇن ئۇلۇغ ئەسھابلاردىن يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ شۇ ئورۇنغا ئۆتۈپ ئولتۇرسۇن. ئولتۇرۇشتا نامازدا ئولتۇرغاندەك جىم ۋە تىنچ ئولتۇرسۇن. بىھۇدە ھەرىكەت قىلماي، ئارامىدا ئولتۇرسۇن.

ئىككىنچى ئەدەب، پىر - ئۇستازنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ئۇستازىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلەشلىرىگە دىققەت قىلىپ ۋە ئۇنى جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، ئۇستازنىڭ سۆزلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئولتۇرسۇن ۋە ئۇ سۆزلەرنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ ئەمەل قىلسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، ئەگەر ئۇستازلار ئۆزىدىن ئېشىپ قالغان تائام ياكى ئىچىملىكنى بەرسە، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماي، يالغۇز يېسۇن ۋە ئىچسۇن.

بەشىنچى ئەدەب، مۇخلىس بولغۇچى كىشى ئۇستازىغا سۆز قىلماقچى بولغاندا، ئۇستازىنىڭ شۇ سۆزنى ئاڭلاشقا ۋاقتى بار - يوقلۇقىنى ياخشى پەملىشى، ۋاقىتسىز ھەم ئورۇنسىز سۆزلىمەسلىكى لازىم. ئەگەر سۆزلەشكە ۋاقىت بولسا قىسقا سۆز بىلەن مەقسىتىنى بىلدۈرسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، سۆزلىگۈچى ئۇستازىغا ئاستا ۋە مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ئۇستازنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەتلىرىدە جىمجىت ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنسۇن. ئەگەر ئۇستازى بىرەر جايغا بارماقچى بولسا، «قاياققا بارىدىلا؟» دەپ سورىمىسۇن، بارچە ئىشتا مۇشۇنداق ئېغىر - بېسىق بولسۇن.

سەككىزىنچى ئەدەب، ئىختىيارىنى ئۇستازىغا تاپشۇرسۇن، مەيلى دىن، مەيلى دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلمىسۇن. ھەتتاكى، يېمەك - ئىچمەكتىمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن.

توققۇزىنچى ئەدەب، جىددىي ئىش بولغان تەقدىردىمۇ ئۇستازىنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلمىسۇن.

ئونىنچى ئەدەب، ئەگەر ئۇستازى ئۇنىڭغا مەسلىھەت - كېڭەش سالسا، تەدبىر - مەسلىھەت كۆرسىتىشكە ئالدىرىماستىن، «ئۆزلىرى ياخشىراق بىلىدىلا» دەپ تۇرسۇن. ئەگەر ئۇستاز مەسلىھەت سوراپ چىڭ تۇرۇۋالسا ئاندىن كېيىن ئۆز كۆڭلىدىكىنى ياۋاشلىق ۋە تۆۋەنلىك بىلەن ئېيتسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئەدەبكە خىلاپ ئەمەس.

ئون بىرىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ خىلۋەتخانىلىرىغا ئىجازەتسىز كىرمىسۇن. تەلەپ قىلمىسا يېقىنلاشمىسۇن. ئەگەر ئۇستازىنىڭ خىلۋەتخانىلىرىگە كىرسە، ئۇستازىنىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان ئورنىدا ئولتۇرمىسۇن. شۇنىڭدەك، ئۇستازىنىڭ بۆك، كىيىم - كېچەك ۋە كالاچلىرىنى كىيمىسۇن.

ئون ئىككىنچى ئەدەب، ئۇستازى بىلەن بىللە بىر ئۆيدە ئۇخلىمىسۇن. ئەگەر ئۇستازى بۇيرۇسا ئەدەبكە خىلاپ بولماس. لېكىن، بەك ئېغىر ئۇخلىمىسۇن ۋە سەگەكلىكنى يوقاتمىسۇن.

ئون ئۈچىنچى ئەدەب، ئۇستازى بىلەن سۆز تالاشمىسۇن. مىتەۋۋىلەشمىسۇن، چاقچاقلاشمىسۇن ۋە باشقىلارنى مازاق قىلمىسۇن. ئۇستازىنىڭ ئالدىدا سۆزلىششتىن مۇتلەق ئۆزىنى تارتسۇن.

ئون تۆتىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ ھوزۇرىدا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىزھار قىلىپ يۈرمىسۇن.

ئون بەشىنچى ئەدەب، ئۇستازىدىن بىرەر ئىلىمدە تەھقىق ۋە تەدقىق (تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئېنىقلاش)نى ئەسلا تەلەپ قىلمىسۇن.

ئون ئالتىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ مىكرىدىن ئېھتىيات قىلسۇن، يەنى ئەدەبسىزلىك سادىر بولسا ۋە ئۇستازى ئۇنى بىلمەسكە سېلىپ ئاچچىقلىمىسا، بۇنى يېقىنلىق قىلدى، دەپ بىلمىسۇن. چۈنكى، ئۇستاز ھىلە ئىشلىتىپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ئېتىبار قىلمىغاندەك يۈرسە، بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئالامەت جايىغا تەگكەن ئوقتەك بىر تۈرلۈك تەنبىھ ھېسابلىنىدۇر. ئەگەر ئۇستاز جازالىسىمۇ شاگىرت رازى بولسۇن. چۈنكى، بۇ ئۇستازنىڭ ئۇنى قوبۇل كۆرگەنلىكىدۇر.

## ئىككىنچى پەسىل، مەنىۋىي ئەدەبلەرنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون ئالتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، شاگىرت ئۇستازىنى زامانىنىڭ يەككە - يېگانىسى سۈپىتىدە بىلىپ ئىشەنسۇن.

ئىككىنچى ئەدەب، شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ ھەممە ئەھۋالىغا ئىشىنىپ ئەگەشسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ بۇيرۇشى ۋە چەكلىشى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئىشىكىدىن كەتمەي خىزمىتىنى قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۆزى مۇستەقىل كۆپرەك خىزمەت قىلسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ مەجلىسلىرىدە تەمكىن ۋە ئەدەب - قائىدە بىلەن ئولتۇرسۇن. ئورۇنسىز ھەرىكەتلەردىن ئىمكانىنىڭ بارىچە ساقلانسۇن. چۈنكى، قانچە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئولتۇرسا، پەيزىنى شۇنچە كۆپ ئالىدۇ. بۇ خۇددى سۇ قاچا ئىچىدە تىنچ ھالەتتە تۇرسا، ھەر نەرسىنىڭ ئەكسى سۇدا ئېنىق كۆرۈنگىنىدەك. ئەگەر سۇ ھەرىكەتچان ۋە تىنچسىز بولسا، ھەر نەرسىنىڭ ئەكسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىغاندەك ئەھۋال.

بەشىنچى ئەدەب، شاگىرت ھەمىشە ھەر ئىشتا جانابى ئۇستازىغا يۈزلەنسۇن. ھەزرىتى خاجە ئەھرار (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك قىلغاي) ئېيتىدۇركى: شاگىرتنىڭ نەزىرى دائىم ئۇستازىنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغۇنكى، دىققەت بىلەن ئولتۇرسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، ھەر ۋاقىت پىر ـ ئۇستازىنىڭ خۇشاللىقىنى قوزغاشقا لايىقىدا ئېتىبار بەرسۇن. ئەمما، ۋاقىتنى ئېلىپ قويۇشتىن ساقلانسۇن. ھەرقاچان ۋاقىت ـ ئىمكانىيەتكە مۇۋاپىق سۆھبەتنى لازىم تۇتسۇن ۋە مۇلازىمەت قىلسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ سىرلىرىنى كىشىلەردىن مەخپىي تۇتسۇن، ئەمما ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى ئۇستازىدىن يوشۇرمىسۇن.

سەككىزىنچى ئەدەب، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىشتا ۋە ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئۇستازىنىڭ ئىلمىگە مۇراجىئەت قىلسۇن، ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەنلا ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلمىسۇن.

توققۇزىنچى ئەدەب، ئۇستازىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئارىلاشمىسۇن ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق بولسۇن.

ئونىنچى ئەدەب، مەجلىستە ئۇستازىنىڭ يۈزىگە كۆپ قارىمىسۇن.

ئون بىرىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ ھوزۇرىدا پەرۋاسىز ئولتۇرماستىن، بەلكى ئۇستازىغا يۈزلەنگەن ھالدا سۈكۈت ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئولتۇرسۇن.

ئون ئىككىنچى ئەدەب، شاگىرت بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇستازىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلسۇن. ئەمما، ۋەقەنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇستازىدىن سورۇشتۇرمىسۇن.

ئون ئۈچىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ سۆھبىتىنى ئۇستاز بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىق ۋە ئۈلپەتچىلىك دەپ بىلمەستىن، بەلكى ئەدەب يوللىرىنى ئۆگىنىش، بىلىم جۇغلاش ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى كۆچەيتىش ـ تۈزىتىش ئۈچۈن دەپ بىلسۇن.

ئون تۆتىنچى ئەدەب، ئۇستازىنىڭ مۇلازىمىتىدە مەيلى چەكلەنگەن بولسۇن ياكى چەكلەنمىگەن بولسۇن، ئارتۇق ئىشلارنى تاشلىسۇن.

ئون بەشىنچى ئەدەب، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئۇستازىغا مالاللىق ۋە يېقىمسىزلىق كەلتۈرۈشتىن ساقلانسۇن.

ئون ئالتىنچى ئەدەب، تىلىدا ھەم دىلىدا ئۇستازىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن.

## ئۈچىنچى پەسىل، سۆھبەت ئەھلىگە لازىم نەرسىلەرنىڭ بايانى

بۇ ئوتتۇز ئىككى ئەدەبتۇر:

بىرىنچى ئەدەب، سۆھبەتنى خىلۋەت جايدا ئىختىيار قىلسۇن ۋە ياخشى نىيەتتە، غەرەزسىز بولسۇن.

ئىككىنچى ئەدەب، تاھارەت بىلەن بولسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدەننى پاكىزە ۋە خۇشبۇي تۇتسۇن، بەدبۇي نەرسىلەرنى سۆھبەت ئەھلىدىن يىراق قىلسۇن، سۆھبەت ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى يىرگەندۈرمەسلىك ئۈچۈن چىشنى چىرىگەن نەرسىلەردىن تازىلىغاي. سۆھبەتداشلارغا يېقىمسىز بولماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنىمۇ خام پىياز، سامساق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يامان پۇراقلىق نەرسىلەردىن پاكىز تۇتسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، ياخشىلار سۆھبىتىگە ھېرىسمەن بولسۇن. ئەزىزى ئېيتىپتۇركى: «نامازنىڭ قازاسى بار، ئەمما سۆھبەتنىڭ قازاسى يوق» يەنى ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن

كېيىن تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال تىرىشىش كېرەك.

بەشىنچى ئەدەب، زىكىر - سۆھبەت ۋاقتىدا سۆھبەت ئەھلى ھالقا شەكلىدە ئولتۇرسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭدا نەچچە خىل پايدا بار. بىرىنچى پايدىسى شۇكى، ھەممىيلەن بىر - بىرىگە يۈزمۇ يۈز ئولتۇرالايدۇ؛ ئىككىنچىسى، بىر - بىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرالايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى بولمايدۇ. ھەممەيلەن ئىمتىياز جەھەتتە پەرقسىز ھالدا باراۋەر ئولتۇرىدۇ؛ تۆتىنچى ھالقىنىڭ شەكلى داستىخان شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر ھەرپ ھاسىل بولىدۇكى، بۇ ئاللانىڭ ئىسمىدۇر.

سۆھبەت ئەھلى ئارىسىدا بىرەر ئۇلۇغ مۆتىۋەر كىشى بولسا، ئەدەب شۇكى، باشقىلار شۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئولتۇرسۇن. ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەتلەشكەن بولسا، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ۋە تىزمۇ تىز ئولتۇرسۇن، ئەگەر يالغۇز كىشى بولسا، يۈزىنى قىبلىغە قىلىپ ئولتۇرسۇن. چۈنكى، مۇنداق ئەھۋالدا ئەدەب مانا شۇ.

ئالتىنچى ئەدەب، ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرمىسۇن. چۈنكى، بۇ مەكرۇھ. ئەگەر بىرەر كىشىگە سۆزى بولسا ياكى بىرەر خىزمەتنى بەجا كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتى بولسا ۋاقىتلىق ئولتۇرۇشى جايىزدۇر.

يەتتىنچى ئەدەب، مەجلىستە ئەدەب ۋە ھۆرمەت بىرلە ئولتۇرسۇن ۋە سۆھبەتداشلىرىنى ئازادە ئولتۇرغىلى قويسۇن. تىزىنى باشقىلارنىڭ تىزىغا قويۇۋالمىسۇن، رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالمىسۇن ۋە يەنە ئولتۇرغان جايىدا ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالانى يادلاپ ئولتۇرسۇن.

سەككىزىنچى ئەدەب، تەكەببۇرلارچە ئولتۇرمىسۇن. چەپ قولىنى ئارقىسىدىن يەرگە قويۇپ تايىنىپ ئولتۇرمىسۇن. ئەگەر ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە، باداشقان قۇرۇپ ياكى ئىككى تىزىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى قولى بىلەن پاقالچىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرسۇن. مۇنداق ئولتۇرۇش سۈننەتكە خىلاپ ئەمەس.

توققۇزىنچى ئەدەب، سۆھبەت ئەھلى كىرگەن ۋە چىققان چاغدا ئورنىدىن تۇرسۇن.

ئونىنچى ئەدەب، پەزىلەتلىك كىشىنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزسۇن، ئۇلۇغلىسۇن ۋە ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىدىن ياخشى دەپ بىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن.

ئون بىرىنچى ئەدەب، ئەدەبسىز سۆز، يامان ھەرىكەت ۋە نامۇۋاپىق سۆكۈتتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن.

ئون ئىككىنچى ئەدەب، چوڭلار ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەرقايسىسىنى ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت قىلسۇن. قېرى كىشىلەرنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ ئۇلارغا خىزمەت قىلسۇن. تەڭتۇشلەرنى ئاكا - ئۇكا قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا ئوچۇق ۋە لايىقىدا مۇئامىلە قىلسۇن. كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا شەپقەت ۋە نەسىھەت قىلىپ، ئەدەبلىك مۇئامىلىدە بولسۇن. ھەر كىم ئۇلارنى ھالاللىق ۋە توغرىلىققا دەۋەت قىلسۇن. لېكىن، ساقال چىقمىغان چىرايلىق ياش باللارنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى تارتسۇن. ئەگەر زۆرۈرىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قوشۇلۇپ قالسا، كۆزى ۋە كۆڭلىنى ئۇلارغا تىكىلىپ قىلىش ۋە باغلىنىپ قىلىشتىن ساقلىسۇن.

ئون ئۈچىنچى ئەدەب، ئەھلى تەۋەززۇئ - كەمتەر كىشىلەرگە كەمتەر بولسۇن. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئېھسان ۋە خەيرلىك تىلەپ دۇئا قىلسۇن.

ئون تۆتىنچى ئەدەب، ئەگەر كۆپچىلىك ئارىسىدا چۈشكۈرۈك كەلسە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاۋازىنى

پەسەيتىپ، مۇلايىم چۈشكۈرسۇن ھەم ئاغزىنى يېڭىنى ياكى باشقا نەرسىنى تۇتسۇن.

**ئون بەشىنچى ئەدەب،** چۈشكۈرۈكتىن كېيىن ھەمدۇ سانا ئېيتسۇن: «جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر». ياخشىراقى شۇكى: «جىمى ھەمدۇ سانا ھەرقاچان ئاللاغا خاستۇر» دېسۇن.

**ئون ئالتىنچى ئەدەب،** چۈشكۈرگەندە ئېيتىلغان ھەمدۇ سانانى ئىشىتكۈچى: «ئاللا رەھمەت قىلغاي» دېسۇن. ئاندىن كېيىن چۈشكۈرگەن كىشى: «ئاللاتائالا سىلەرگە ھىدايەت يولى ئاتا قىلغاي. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلىغاي» دېسۇن. بۇ مۇھىمدۇر. ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، چۈشكۈرگەندە ئېيتىلغان ھەمدۇ ساناغا بىر كىشىنىڭ جاۋاب بەرگىنى كۇپايىدۇر، ھەمدۇ سانانى ئىشىتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى جاۋاب بەرگىنى ياخشىدۇر.

**ئون يەتتىنچى ئەدەب،** ئەگەر چۈشكۈرگۈچى ھەمدۇ سانا ئېيتمىسا، ئىشىتكۈچىمۇ جاۋاب بەرمىسۇن. ئەگەر بىر كىشى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا چۈشكۈرگۈچى ئېيتقان ھەمدۇ سانانى ئاڭلىماي قېلىپ، جاۋاب بەرگۈچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ جاۋابەن ھەمدۇ سانانى ئېيتسۇن.

**ئون سەككىزىنچى ئەدەب،** چۈشكۈرگۈچى ھەمدۇ سانا ئېيتمىسا، مەجلىس ئەھلى ئۇنى ھەمدۇ سانانى ئېيتىشقا ئۈندىسۇن.

**ئون توققۇزىنچى ئەدەب،** چۈشكۈرۈك ئەگەر قايتا - قايتا تەكرارلانسا، دۇرۇستراق مەسلىھەت شۇكى، ئۈچىنچى چۈشكۈرۈكتە، ئاڭا «زۇكام بولۇپ قاپسىزمۇ؟» دېسۇن. بەزى ئالىملار ئېيتىدۇكى: «ئاللا ساڭا شىپالىق ئاتا قىلغاي ۋە سېنى ئەپۇ قىلغاي» دېسۇن.

**يىگىرمىنچى ئەدەب،** ئۆزى سۆھبەت ئەھلىگە ھەقىقىي كۆڭۈل رىغبىتى بىلەن خىزمەت قىلسۇن.

**يىگىرمە بىرىنچى ئەدەب،** سۆھبەت ئەھلىدىن ئۆزىگە ھېچقانداق خىزمەتنى ئۈمىد قىلمىسۇن ۋە ھېچكىمگە خىزمەت بۇيرۇمىسۇن.

**يىگىرمە ئىككىنچى ئەدەب،** مەينەت، تۆۋەن سانىلىدىغان خىزمەتلەردىن، مەسىلەن: خالا جاي تازىلاش، تاھارەت چالمىسى تەييارلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەردىن ھەرگىز ئار ۋە نومۇس قىلمىسۇن.

**يىگىرمە ئۈچىنچى ئەدەب،** قىلغان خىزمىتىدىن مىننەت قىلمىسۇن. بەلكى ئۆزى قىلغان خىزمەتنى سۆھبەت ئەھلىنىڭ قوبۇل قىلغىنىغا كۆپتىن - كۆپ شۈكۈر ئېيتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسۇن.

**يىگىرمە تۆتىنچى ئەدەب،** مەيلى يېقىن دوستلار ياكى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن، سۆھبەتتە ئوچۇق يۈزلۈك چۈچۈك تىللىق بولسۇن. بۇ ياخشى خىسلەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەڭ ئەۋزەل ئەدەبتۇر.

**يىگىرمە بەشىنچى ئەدەب،** مەيلى سۆزدە ۋە مەيلى ھەرىكەتتە سۆھبەت ئەھلىگە مۇۋاپىق يول تۇتسۇن. تارتىنىپ، قورۇنۇپ ئولتۇرمىسۇن.

**يىگىرمە ئالتىنچى ئەدەب،** ئۆز مال - مۈلكىنى سۆھبەت ئەھلىدىن قاچۇرمىسۇن. بەلكى ئۇلارنى ۋە ئۆزىنى مۈلكىدە باراۋەر كۆرسۇن. لېكىن، خاتۇنى ۋە ھەق سۇبھانە ۋە تائالا ھارام قىلغان باشقا نەرسىلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

**يىگىرمە يەتتىنچى ئەدەب،** مەجلىستە ھەدىيە كەلسە، ئۇ بىراۋغا خالىس بولسىمۇ، «ئەلھەدايا مۇشتەرىكۇن - ھەدىيە كۆپچىلىككە تەئەللۇقتۇر» ھۆكمى بويىچە سۆھبەتداشلارنى (ھەدىيەگە) شېرىك قىلسۇن. ئۆزى ۋە خىزمەتكارلارغىمۇ نېسىۋە ئايرىسۇن. ئەگەر ئۇلار سورۇندا بولمىسا، نېسىۋىسىنى

ئېلىپ قويسۇن.
يىگىرمە سەككىزىنچى ئەدەب، دوست ـ بۇرادەرلەردىن سەۋەنلىك ئۆتۈلسە ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، ئۇلارنى ئۆزرە ئېيتقۇزمىسۇن ۋە ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالمىسۇن.
يىگىرمە توققۇزىنچى ئەدەب، ئەگەر، قېرىنداشى گۇناھلىق ئىش قىلغان بولسا، خىلۋەتتە نەسىھەت قىلىپ، تەۋبە قىلىشقا ئۈندىسۇن. ئەگەر تەۋبە قىلمىسا ئەللىك كۈنگىچە ئارىلاشمىسۇن. ئەگەر شۇنىڭدىمۇ قېرىنداشىنىڭ تەۋبە قىلغىنى مەلۇم بولمىسا، يەنە ئۇنىڭ تەۋبىسى ئېنىق ئايان بولغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمىسۇن. ئەگەر قېرىنداشى چوڭ گۇناھقا مەشغۇل بولسا (ئاللا ئۇنداق بولۇشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي)، ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشتىن ئۈمىد بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشتىن ئەلۋەتتە ھەزەر قىلسۇن.
ئوتتۇزىنچى ئەدەب، ئەگەر ئەل ـ ئاغىنىلەردىن بىرەر يارىماس قىلىقنى سەزسە، ئۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشسۇن.
ئوتتۇز بىرىنچى ئەدەب، ئەزىزلەرنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى جان ـ دىلى بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلسۇن.
ئوتتۇز ئىككىنچى ئەدەب، سۆھبەتنى ئاللانى يادلاپ زىكىر ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەدھىيلەپ دۇئا قىلىش بىلەن تامام قىلسۇن. مەجلىس ئاخىرىدا: «ئى ئاللا، سېنى بارچە ئەيىب ۋە نۇقسانىدىن پاك دەپ تونۇيمەن. ئى ئاللا، ساڭا ھەمدۇ سانا ئوقۇش بىلەن سەندىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن. سەندىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرەتلىكىنى تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن. ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە بارچە پەيغەمبەرلىرىگە رەھمەت قىلغاي» دېسۇن، ئاندىن كېيىن تارقالسۇن.

## تۆتىنچى پەسىل، سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئۆزىنى تارتىشى لازىم بولغان بەزى قىلىقلار ۋە ئەھۋاللارنىڭ بايانى

بۇلار ئون تۆت ئەدەبتۇر:
بىرىنچى ئەدەب، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن كۆڭۈل پەرىشان بولۇپ، خاتىرجەملىك بۇزۇلىدىغان كىشى بىلەن سۆھبەت قىلمىسۇن.
ئىككىنچى ئەدەب، سۆھبەتتە ئەسنىمىسۇن ھەم ئەسنەك تۇتسا، ئۇنى بېسىشقا تىرىشسۇن. ئۈستۈنكى چىشى بىلەن ئاستىنقى لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالسۇن. ئەگەر بۇ ھالدا بېسىلمىسا، چەپ قولى ياكى يېڭى بىلەن ئاغزىنى تۇتسۇن. ئەگەر نامازدا تۇرغاندىمۇ ئەسنەك تۇتسا، مۇشۇ ھالەتتە ئوڭ قولى بىلەن ئېغىزىنى تۇتسۇن.
ئۈچىنچى ئەدەب، سۆھبەتتە مۈگدىمىسۇن.
تۆتىنچى ئەدەب، مەجلىستە ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى ساناپ ئالاھىدە بولۇۋالمىسۇن. ھەتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ نەسەب ـ شەرەپلىرىنى مەجلىس ئەھلىدىن مەخپىي تۇتسۇن. ئەگەر سۆھبەتكە مۇناسىپ بىلىمى بولسا قوشۇلسۇن، بىلمىسە بىلەرمەنلىك قىلمىسۇن. خوجا ئەھرار (ئاللا

ئۇنىڭ سىرىنى پاك قىلغاي)دىن نەقىل قىلىنىدۇكى: «بىز شۇنداق ئەزىزلەرنى كۆرگەنمىزكى، شۇنچە نەسەب ـ شەرەپلىرى بار تۇرۇقلۇق ئۆزىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئادەتتىكىچە تۇتاتتى، ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى».

بەشىنچى ئەدەب، بىر كىشى سۆزلەپ تۇرغان چاغدا، ئۇ كىشىنىڭ سۆزى تامام بولمىغۇچە سۆز قىلمىسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، سۆھبەتتە سۈكۈت چېكىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن. كۆنبويى سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش يېقىمسىز ۋە يامان قىلىقتۇر.

يەتتىنچى ئەدەب، كۆپ سۆزلىمىسۇن. ئۆلىمالار ئېيتىپتۇكى: مەسلەك ئىگىلىرىگە شۇنداق چاغدا سۆزلىمەك جايىزدۇركى، تىلى كۆڭلىگە ۋە كۆڭلى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالاغا مۇۋاپىق بولغان بولسا. ھەقىقىي تەلەپكارلار تېخى كۆزىتىش ۋە خەۋەردار بولۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسا، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇش ئەلادۇر.

سەككىزىنچى ئەدەب، سۆزلىگەندە پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك سۆزلەش ئۈچۈن ئارتۇقچە قىينالمىسۇن. سۆزلىگەندە قول بىلەن ئىشارەت قىلىش ياكى ئوڭ (قول) ئالىقىنى بىلەن چەپ قول كۆرسەتكۈچ چەرچىكىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇش شەرىئەتكە ئۇيغۇن.

توققۇزىنچى ئەدەب، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئورنىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چوڭ سۆزلەرنى قىلمىسۇن. لېكىن، ئۇلۇغلار: «تەۋھىد (ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇش) ئىلمىدىن سۆزلەشتە تەكەللۇپ قىلىش شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر» دېگەن.

ئونىنچى ئەدەب، سۆھبەتداشلىرى بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمىسۇن. ئەگەر ئۇلاردىن گۇناھلىق ئىشلار كۆرۈلسە، مۇنازىرە قىلسا بولىدۇ. بىلمەك كېرەككى، ھېچكىم بۇرادىرى (مۇسۇلمان قېرىندىشى) دىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ئۆتۈپ ئايرىلسا دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر دۇنيا ئىشى سەۋەبىدىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت چۈشسە، ئاتا پەرزەنتىدىن، ئۇستاز شاگىرتىدىن، ئەر ـ خاتۇنىدىن ھەم مۇشۇنىڭ مىسالىدا ھېكمەت مۇلاھىزە قىلىپ، ئۈچ كۈندىن زىيادە ئايرىلسا بۇنىڭ ئۆلچىمى يوقتۇر(مۇسۇلمانچىلىق ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ). يەنە ئوقۇغۇچىغا لازىمدۇركى، ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەندىمۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دۇرۇس بولمىغان ئىشلارغا ئاچچىقلىنىشتىن ساقلانسۇن.

ئون بىرىنچى ئەدەب، دوست ـ يارانلىرىغا ئاشۇرۇپ خۇشامەت قىلمىسۇن. ئەگەر باشقىلار ماختىسا، ئۆزى بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «ئى ئاللا، مېنى ئۇلارنىڭ گۇمانىدىن ياخشىراق قىلغىن، ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىدىن مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ دېگىنى تۈپەيلىدىن مېنى جازالىمىغىن، ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلى ھەم مېنى جازالىمىغىن. چۈنكى، سەنلا ھەممىنى بىلگۈچى، ئۇلار بىلمەيدۇ».

ئون ئىككىنچى ئەدەب، سۆھبەتداشلىرىغا ئارتۇقچە مازاق ۋە ياپتا گەپ قىلمىسۇن ۋە نورمال ئىش تۇتسۇن. بەزىدە راست سۆزلەر بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى كۆلدۈرسە، ئۇنىڭ ھېچبىر يامىنى يوق. تىلىنى چىقىرىپ باللارغا ئويۇن قىلىپ، ئۇلارنى خۇش قىلسا بولىدۇ.

ئون ئۈچىنچى ئەدەب، ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسۇن ھەم غەيۋەتكە قۇلاق سالمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ھارامدۇر. بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان سۆزلەرنى

دېيىش، غەيۋەت دېيىلىدۇ.

مۇنداق ئالتە خىل ئىشتا غەيۋەت جايىز(يوللۇق) دۇر:

بىرىنچىسى، ئېزىلگۈچى زۇلۇم قىلغۇچى ئۈستىدىن پادىشاھقا؛

ئىككىنچىسى، ئۆز ئىشىدىن تېنىۋالىدىغان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى ئەيىبلەشكە كۈچى يېتىدىغان ئادەم (ياكى ئورۇن) غا؛

ئۈچىنچىسى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشى ئۈستىدىن قازىغا (سورىغۇچىغا)؛

تۆتىنچىسى، مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرماق ئۈچۈن يامان كىشىلەرنىڭ يامانلىقى ئۈستىدىن غەيۋەت قىلسا؛

بەشىنچىسى، پاسىق ئادەم ئاشكارا پىتنە - پاسات تېرىسا ۋە ئۆز قىلمىقىدىن ئار - نومۇس قىلمىسا؛

ئالتىنچىسى، بىر كىشىنىڭ لەقىمى قوپاللىراق بولۇپ، ئالغاي، قىزىلكۆز، سىڭاكۆز، قارىغۇ، گاس، چۇلاق ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش لەقەملەر بىلەن ئاتالغان بولسا، ئۇلارنى ئىزدىمەك ئۈچۈن بۇنداق لەقىمى بىلەن ئاتاش توغرىدۇر. ئەمما ئەيىب - نۇقسانىنى ئېچىش ئۈچۈن قەستەن ئاتاش ھارامدۇر.

ئون تۆتىنچى ئەدەب، مەجلىستە ئىككى كىشى بىر - بىرىگە پىنھان سۆز قىلىشمىسۇن ھەم مەجلىس ئەھلى تولۇق بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلەشمىسۇن. مەجلىس ئەھلىنىڭ بەزىسى بىلىدىغان، بەزىسى بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلەشمىسۇن، مەجلىستە يەنە كۆز ۋە قاش بىلەن ئىشارەت قىلىشمىسۇن، بۇمۇ مەكرۇھدۇر. ئەگەر زىياپەت قىلىپ بەرگۈچى ئۆز خىزمەتچىسىگە ياكى خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا تائام قويۇش تەرتىپى توغرىسىدا پىچىرلاپ سۆزلىسە ياكى ئىشارەت قىلسا بولىدۇ. ئىككى كىشى بىر يەردە سىر ئېيتىشسا، ئەدەب شۇكى، ئۈچىنچى كىشى ئۇلارغا ئارىلاشمىغاي ھەم سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغاي.

## تۆتىنچى باب ئەر - خوتۇن ۋە ھاممام ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ.

### بىرىنچى پەسىل، ئەر - خوتۇن ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئەدەبلەرنىڭ بايانى

(بۇنىڭدا) ئون ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، ھەركىم خوتۇن ئالماقچى بولسا، سالىھە (ياخشى) خوتۇن ئالسۇن. ئىمامى شافىي (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ مەزھەپلىرى بويىچە: (خوتۇن ئالغۇچى) نىكاھىدىن ئىلگىرى خوتۇننى بىر قېتىم كۆرمەكلىك مۇستەھەپ(ياخشى). خوتۇن ياكى قىز بولسۇن، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە خوتۇن ئەردىن تۆۋەن بولسۇن. ياشتا، تەن قۇرۇلۇشىدا، بايلىقتا ۋە نەسەبتە.

يەنە تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە خوتۇن ئەردىن يۇقىرى بولسۇن: ھۆسىن - جامالدا، خۇلق - مىجەزدە، ئەدەب - ئەخلاقتا ۋە ھايا - ئىپپەتتە.

ئىككىنچى ئەدەب، (مۇنداق) ئالتە تۈرلۈك خوتۇننى ئالمىسۇن: بىرىنچى، تۇغماس؛ ئىككىنچى، كېيىنكى ئېرىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چاچقۇچى ۋە بۇرۇنقى ئېرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىشلىتىپ بەرگۈچى ھەم ئۆز خاھىشىچە ئىشلەتكۈچى؛ ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ بايلىقى، مەرتىۋىسى، نەسەبى بىلەن ھەمىشە ئېرىگە مىننەت قىلغۇچى؛ تۆتىنچى، ئىلگىرىكى ئېرىدىن كۆرگەن راھەت - پاراغەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ھەسرەتلەنگۈچى ۋە نالە - پەرياد قىلغۇچى؛ بەشىنچى، كىشىلەر شۇ ئايالنىڭ ناپاكلىقى ۋە يامان ئىشلىرى سەۋەبلىك ئايال ۋە ئەرنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئايال؛ ئالتىنچى، كۆرۈنۈشتە تازا ۋە خۇش سۈرەت، ئەمما ئەسلىدە ناپاك خوتۇن، مۇنداق خوتۇن كۆپىنچە بەدخۇي، بەد پېئىل بولۇپ، سەۋزە دۆۋىسى ئۈستىدىكى تېزەككە ئوخشىتىلىدۇ.

ئۈچىنچى ئەدەب، ئەر خوتۇنغا ياخشى تىرىكچىلىك شارائىتى يارىتىپ بەرسۇن، ئوچۇق چىراي بولسۇن، بىھۇدە غەزەپلەنمىسۇن. چۈنكى، ياخشىلىق ئالىيجانابلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. خوتۇن ئەرنىڭ ئالدىدا گويا ئەسىر ھۆكمىدەدۇر. ئەسىرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش بولسا مەردلىك ۋە ئالىيجانابلىقتۇر.

تۆتىنچى ئەدەب، خوتۇنىنىڭ جاپاسىغا سەۋر قىلسۇن، گەرچە خوتۇن مىجەزى ئىتتىكلىك ۋە قوپال سۆزلەرنى قىلسىمۇ، ئەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يولداشلىق، ئىناقلىق، دانالىق ۋە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن. ئەگەر، خوتۇننى غەزەپ قاپلىۋالسا، ئەر ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا قېقىپ: «ئى نىجىس شەيتان، بۇ پاكىزە تەندىن چىقىپ كەت» دېسۇن. شۇنداق قىلسا غەزەپ يانغۇسى. شەيتان ئادەمنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ غەزەپ قىلمۇھېرىدۇ.

بەشىنچى ئەدەب، ئەر بولغۇچى ئائىلىسى ۋە بالا - چاقىلىرىغا نەپىقىنى كەڭ تۇتسۇن ۋە ھالال مالدىن بولسۇن. ئەگەر مېلىغا تاساددىپىي زۆرۈرىيەت بىلەن شۈبھىلىك ئارىلىشىپ قالغان بولسا، شۈبھىلىك مالنى يېمەك - ئىچمەككە قوشماي، كىيىم - كېچەككە سەرپ قىلسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، خوتۇنىنىڭ مۇلايىملىقى ۋە چىرايلىق ھۆسن - خۇلقىغا قاراپ، نەپسىنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىگە بېرىلىپ كەتمىسۇن ۋە ئۇنى لايىقىدا باشقۇرسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ئەدەب ئەھلى ئايالىغا نىسبەتەن غەيرەتلىك بولسۇن. غەيرەت شۇكى، نامەھرەم (يات كىشى) لەرنىڭ ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىشىگە يول قويمىغاي ۋە ئايالىنىڭ گۆرىستانغا، مەسچىتكە، مەجلىسكە، تويغا ۋە ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىغا بېرىشىغا چەك قويغاي.

سەككىزىنچى ئەدەب، خوتۇن تەكەببۇرلۇق قىلسا ياكى ئەرنى تاقىتى يوق ئىشقا زورلىسا، ئۇنىڭغا ئەدەب ئۆگەتسۇن. ئاۋۋال نەسىھەت قىلسۇن، نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمىسا بىر مەزگىل قاپىقىنى تۈرسۇن. بۇنىڭ بىلەنمۇ تۈزەلمىسە ئاندىن ئەدىۋىنى بەرسۇن. قاچانكى تۈزۈلۈپ كەتسە، گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ يەنە ئەسلىدىكىدەك شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىللىك بىلەن ئۆتسۇن.

توققۇزىنچى ئەدەب، خوتۇنىغا زۆرۈر بولغان ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئىمان - ئېتىقاد مەسىلىلىرىنى ئۆگەتسۇن.

ئونىنچى ئەدەب، ئەگەر بىرنەچچە خوتۇنى بولسا، ئۇلارنى نەپىقە، يەنى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا تەرەپلەردىن باراۋەر تەمىن ئەتسۇن.

## ئىككىنچى پەسىل، خوتۇننىڭ ئېرى ئالدىدىكى ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، خوتۇن ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ يەرگە بارمىسۇن ھەم ھېچكىمنى ئۆيگە كىرگۈزمىسۇن. ئېرىنىڭ مېلىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەرپ قىلمىسۇن.

ئىككىنچى ئەدەب، ئائىلىدىكى خىزمەتلەرنىڭ كۆپى خوتۇنلارغا قاراشلىقتۇر. شۇڭا، خوتۇن كىشى ئىشلارنى ئۆزى ئۇچۇن زۆرۈر دەپ بىلسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، ئېرىنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، خاپىلىقىغىمۇ ئورتاقلاشسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، ئېرىنىڭ تاپقىنىغا قانائەت قىلسۇن.

... ... ...①

ئالتىنچى ئەدەب، ئېرىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ئېرى ئۆلسە ماتەم تۇتسۇن. ئەگەر، خوتۇن قىيامەتتىمۇ ئېرى بىلەن بىللە بولاي دېسە، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگمىسۇن.

## ئۈچىنچى پەسىل، ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، نىكاھتىن كېيىن تۆشەككە يېتىشتىن ئىلگىرى، ئەر بىلەن خوتۇن ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇسۇن. ئاندىن كېيىن ئەر خوتۇننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «ئى ئاللا، مەن ئۇچۇن مېنىڭ ئەھلىمگە بەرىكەت بەرگىن ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن مەندىن رىسىق ئاتا قىلغىن. ئى ئاللا، بىزنى ياخشىلىقتا بىرلەشتۈرگىن، ئايرىلغاندىمۇ ياخشىلىقتا ئايرىۋەتكىن. ئى ئاللا، بىزنىڭ پارچىلانغان تەرەپلىرىمىزنى جەملىگىن، بىزنىڭ ۋە قوۋمىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئاچقىن، سەن ئاچقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن».

ئىككىنچى ئەدەب، ئەر - خوتۇن جىمائىدىن ئىلگىرى بىر - بىرلىرىگە لەززەتلىك، شەھۋەت قوزغاتقۇچى سۆزلەرنى ئېيتىشسۇن، ئاندىن كېيىن بىر - بىرلىرىنى سۆيۈشۈپ، قوچاقلىشىپ ئوينىشىپ جىمائقا كىرىشسۇن. بۇ ئىشلارنى قىلماستىن جىمائقا كىرىشمىسۇن. چۈنكى، سۈننەت يولىغا مۇخالىپتۇر. مەيلى ئادەم ياكى باشقا ھايۋانلار بولسۇن ۋە مەيلى ئاينىڭ بېشى، ئاخىرى ياكى ئوتتۇرىسى بولسۇن قوشۇلىدىغان جاي ھەرخىل جانلىقلاردىن خالىي بولغان بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى ئەدەب، جىمائ ھالىتىدە بىر - بىرىگە كۆپ سۆز قىلمىسۇن ۋە كۆڭلىنى ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋە تائالاغا ھازىر تۇتسۇن. قالايمىقانچىلىق جىمائ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزمىسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، جىمائ ئالدىدا بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن «ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئى ئاللا، بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن ۋە شەيتاننى سەن بىزگە رىسىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن يىراق قىلغىن» جىمائ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ مەنى يۇرۇشكەندە تىلى بىلەن ئەمەس، كۆڭلىدە بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: « جىمى ھەمدۇ سانالار ئىنساننى مەنىدىن ئاپىرىدە قىلغان ئاللاتائالاغا خاستۇر».

بەشىنچى ئەدەب، جىمائنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن كېيىن، ئەر كىشى خوتۇننىڭ ئۈستىدە مېھرى

---

① ئەسلى نۇسخىدا بەشىنچى ئەدەب چۈشۈپ قالغان.

بىلەن بىردەم تۇرسۇن. جىمائنى تۈگەتكەندىن كېيىن تەرەت قىلسۇن، ئاندىن خاس ئەزاسىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ بەدەنگە ھۆللۈك پەيدا بولۇشى ئۈچۈن بىردەم ئۇخلىسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، جىمائدىن كېيىن بىتاھارەت ئولتۇرمىسۇن ۋە ئۇخلىمىسۇن. بۇنداق قىلىش مەكرۇھدۇر.

يەتتىنچى ئەدەب، خوتۇن كىشى ھەيز ھالىتىدە بولسا ئەر ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلمىسۇن، بۇ ھارامدۇر. ئەگەر پەس ھاۋايى ھەۋەسنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ھەيز ھالىتىدىكى خوتۇنغا قوشۇلۇش بولۇپ قالسا، تۆۋبە قىلسۇن. ھەيز قىزىل قان بولسا بىر مىسقال، ھەيز سېرىق قان بولسا يېرىم مىسقال ئالتۇن سەدىقە قىلسۇن.

## تۆتىنچى پەسىل، ھاممامغا كىرىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، ھاممامچى (مونچا خىزمەتچىسى) قانداقلا پوتا (لۆڭگە) ۋە داس كەلتۈرسە قوبۇل قىلسۇن ھەم قايسى خادىم خىزمەتكە كەلسە ياندۇرمىسۇن. ھاممامغا كىرگەندە ئاۋۋال چەپ پۇتىنى ئىچكىرى قويسۇن، ئەمما چىقاردا ئوڭ پۇتىنى تاشقىرىغا ئالسۇن. چۈنكى، ھاممام ھاجەتخانا قاتارىدىدۇر.

ئىككىنچى ئەدەب، ھاممام خاھ خالىي بولسۇن ياكى خالىي بولمىسۇن، سۇ قۇيۇش ۋە جىنسىي ئەزانىڭ تۈكىنى تازىلاش ياكى باشقا ھاللاردا ئەۋرەتنى تولۇق ئاچمىسۇن ھەم باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن. ياش باللارغا (مۇلازىملارغا) بەدىنىنى ئۇۋقىلاتمىسۇن① ۋە ئۇۋۇلاتمىسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، سۇنى ئىسراپ قىلمىسۇن ۋە سۇنى بېشىدىن ئېھتىيات بىلەن قويسۇن، باشقىلارغا چاچراپ كېتىشتىن ساقلانسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، يالىڭاچ ھالىتىدە باشقىلارنى ئىزا تارتقۇزۇپ يېنىغا بارمىسۇن، غۇسلى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ناماز ۋاقتى قىستاپ قالغان بولسا، سۇ ئەكىلىش دۇرۇستۇر.

بەشىنچى ئەدەب، سۇنى ئازمۇ ئەمەس، جىقمۇ ئەمەس ئوتتۇراھال قۇيسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، ھاممامدىن چىقىدىغان چاغدا ھەرقانداق پۇتا ۋە قاچىلارنى كەلتۈرسە قوبۇل قىلسۇن. ئۆزىنى زىيادە پاكىزە، ئۆزگىلەرنى ناپاك تەسەۋۋۇر قىلىپ، باشقىلار ئىشلەتكەن پۇتىلارنى قايتۇرمىسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ھاممامچى، خىزمەتكار، پوتىدار، ساتىراچ ۋە سۇ كەلتۈرگۈچىنىڭ ھەققىرىنى تولۇق ئادا قىلسۇن. ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىگە ئەدەب شۇكى، ئۇنىڭغا ئۇچرىغاندا: «ئاللا سېنى پاك قىلغاي» ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئانى قىلسۇن.

# بەشىنچى باب كېسەل يوقلاشنىڭ، ھازا تۇتۇشنىڭ ۋە مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ.

① ئۇقىلاش ـ بەدەننى يېمىرىپ سوزتوپ كىرلىرىنى چىقىرىش.

## بىرىنچى پەسىل، كېسەلدىن ئەھۋال سوراش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، يار ـ بۇرادەرلەردىن بىرەرسىنىڭ ھەرقانداق كېسەللىنى مەيلى كۆز ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، ياكى چىقان ۋە ياكى باشقا كېسەل بولسۇن بېرىپ ھالىنى سورىسۇن ۋە ھال سوراشنى مەلۇم بىر كېسەلگە خاس دەپ قارىمىسۇن.

ئىككىنچى ئەدەب، كېسەل كىشى ئەگەر دىنسىز بولسىمۇ، يوقلاش جايىز. شەرت شۇكى، ئۇنى توغرا يولغا باشلاش نىيىتىدە بولسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەب، كېسەلنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئوچۇق چىراي بولۇپ، كۆڭۈل سوراپ، يېقىنلىق ۋە مېھرىبانلىق ھالىتىدە كۆرۈشسۇن. بەك يېڭى كىيىم بىلەن ياكى بەك كونا، كىر ـ مەينەت كىيىم بىلەن كىرمىسۇن. كۆلۈمسىرەپ كىرىپ، كېسەلنىڭ باش تەرىپىگە يېقىن ئولتۇرسۇن. قولىنى كېسەلنىڭ پېشانىسىگە يا قولىغا ياكى يۈزىگە قويۇپ، ئەھۋالىنى سورىسۇن. ھەر كۈنى كېلىۋەرمەي، بەلكى بىر كۈن كېلىپ ئىككى كۈن كەلمىسۇن. «كۈندۈزدىكى ئەھۋالىڭىز قانداق؟ كېچىدىكچۇ؟» دەپ مۇشۇ يوسۇندا ئەھۋال سورىسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، كېسەلگە: «ئاللا خالىسا ھېچ زىيىنى يوقكى، كېسەل ـ گۇناھلارغا كاپارەتتۇر. ئاللا گۇناھلاردىن پاك قىلغۇچىدۇر» دېسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن: «كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ» دەپ سورىسۇن. ئەگەر بىمار كۆڭلى تارتىدىغان نەرسىنى ئىزھار قىلسا (زىيان قىلمايدىغانلا بولسا)، مەيلى يۇقلىغۇچى بولسۇن ياكى كېسەلنىڭ قارىغۇچىلىرى بولسۇن (شۇ نەرسىنى) تېپىپ بەرسۇن. ئەگەر كېسەلنىڭ دورىسىنى بىلسە، ئۇ دورا ھارام نەرسىلەردىن، يەنى ھاراق، قۇرپاقا ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن بولمىسا، كېسەل كىشىگە بۇيرۇسۇن.

بەشىنچى ئەدەب، بىمارنىڭ يېنىدا كۆپ ئولتۇرمىسۇن ۋە يەڭگىل تۇرسۇن. ئەگەر كېسەل ئۆزى ئولتۇرۇشقا ئۈندىسە، ئۇنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن توختاپ بىرئاز ئولتۇرسۇن. ئولتۇرغاندا كېسەل كىشى خۇش بولىدىغان سۆزلەردىن ۋە ھېكايەتلەردىن سۆزلەپ ئولتۇرسۇن. ئەي ئەزىز، شۇنى بىلگىنكى بىمارنىڭ ھالىنى سوراپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇش مۇددىتى بىر تۇياق چارۋىدىن سۈت سېغىپ ئالغۇچىلىك مىقداردىكى ۋاقىت ئىچىدە بولسا مۇۋاپىق.

ئالتىنچى ئەدەب، كېسەلنىڭ يېنىدىن قايتىشتا مۇنداق دۇئا قىلسۇن: «كاتتا ئەرشنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاتائالادىن سېنىڭ كېسىلىڭگە شىپالىق بېرىشنى ۋە سېنى ئەپۇ قىلىشنى تىلەيمەن» ئاندىن بىماردىن دۇئا تەلەپ قىلسۇن. چۈنكى، بىمارنىڭ دۇئاسى پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى بىلەن ئوخشاش مەقبۇلدۇر. ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، كېسەل كىشى شۇنىڭ ئۈچۈن «بىمار» دېيىلىدۇكى، ئادەم سالامەتلىكتە ھەقتەئالادىن غاپىل بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ھەر نەپسى بىر يىلان بولغاي. كۆپىنچە كېسەل كىشىلەر ھەربىر تىنىقىنى خۇدانىڭ يادىسىز چىقارمايدۇ ۋە ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋە تائالانى ياد ئېتىدۇ. شۇڭا، نەپەسلىرى يىلان بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن كېسەل كىشىنى «بىمار»( يىلانسىز) دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، بىمار ئاگاھدۇر، ئاگاھ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتكە يېقىندۇر. شۇڭا بىماردىن دۇئا تىلىسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، ئەگەر بىمارنىڭ ئەھۋالى ئۆلۈمگە يېقىن بولسا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىشتۇرۇپ تەلقىن شەھادەت ئېيتسۇن: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا ــ ئاللاھتائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالانىڭ ئەلچىسىدۇر». قىسقا ھالدا مۇشۇنى دېسىمۇ كۇپايە.

يەنە بىمارنىڭ يادىغا ئاخىرەتنى، تۆۋبە - ئىستىغپارنى ۋە مۇھىم ۋەسىيەتلىرىنىمۇ سالسا ۋە بۇلارغا دالالەت قىلسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ سۈننەتتۇر.

## ئىككىنچى پەسىل، كېسەل كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەب بار:

بىرىنچى ئەدەب، بىمار ئەرز - شىكايەت يۈزىسىدىن ئەمەس، ئاغرىق تۈپەيلىدىن ئادەتتە پات - پات نالە قىلىدۇ. مۇنداق چاغدا بېشىنى بىرەر نەرسە بىلەن تېڭىۋالسۇن. شۇنداق قىلسا، بەزى دەرد - ئەلەملىرى يېنىكلەشكۈسى. «ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ بالا - قازاسىغا سەۋرچانلىق بىلەن يۈزلىنىش كېرەككى، ئۇنىڭ بالاسىغا ھېچكىم تاقەت قىلالمايدۇ. باش ئاغرىقى بولسا «ۋاي بېشىم» دېيىش خاتا ئەمەستۇر.

ئىككىنچى ئەدەب، بىمار ئاغرىق ئەلىمى تۇتقاندا شۈكۈر قىلسۇن، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىسۇن؛ ئەگەر ئۆلۈم تىلەشتىن ئۆزگە چارە بولمىسا، مۇنداق تەلەپ قىلىنسۇن: «ئى ئاللا، ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ياشاتقىن، ۋاپات تېپىش ياخشى بولسا ۋاپات تاپتۇرغىن». ئەمما، شېھىت بولۇشنى ۋە ئۆلۈم تەلەپ قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرى بولغان (مەدىنە) دە «ئى ئاللا، ماڭا سېنىڭ يولۇڭدا شاھادەت تېپىشنى ۋە مېنىڭ ئۆلۈمىمنىڭ سېنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ شەھىرىدە بولۇشنى نېسىپ قىلغىن» دەپ تىلەش مۇۋاپىق.

ئۈچىنچى ئەدەب، بىمار گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلسۇن ۋە جەنابىي ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ مەغپىرەت ۋە ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا ئادا قىلسۇن، دوستلىرى سۆھبەتداشلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلىسۇن، ھەممىدىن رازىلىق تىلىسۇن. دېمەك، ئاخىرقى پەيتلىرىدە، خەيرلىك بولۇشقا تىرىشسۇن.

تۆتىنچى ئەدەب، ئاخىرەتلىك، يۇيۇش، كېپەنلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ۋەسىيەت قىلسۇن. يەنى «مۇنداق كېپەن قىلىڭلار، پالان جايغا كۆمۈڭلار ۋە پالانى كىشى نامىزىمنى ئوقۇسۇن» دېگەنگە ئوخشاش ۋەسىيەتلەرنى قىلسا دۇرۇست ۋە جايىزدۇر.

بەشىنچى ئەدەب، ۋاپات ۋاقتىدا قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆپ ئوقۇسۇن ۋە كۆپ زىكىر ئېيتسۇن. ئەگەر ئۆزى ئوقۇشقا كۈچى يەتمىسە، باشقىلارنىڭ ئوقۇغىنىنى ئىشىتسۇن. بىمار ئاخىرەت ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي يۈزلەنسۇن. تابىئەلىرى، قېرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىگە: «مۇسىبەتكە سەبىر قىلغايسىز» دەپ ۋەسىيەت قىلسۇن.

ئالتىنچى ئەدەب، سەكرات ھالىتىدە ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالادىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلسۇن ۋە: «ئى ئاللا، سەكرات ۋە ئۆلۈم ئازابى تارتىشتىن ماڭا ياردەم بەرگىن، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى (دەرىجىسى) ئۈستۈن ھەمراھلار قاتارىغا قوشقىن» دېسۇن.

يەتتىنچى ئەدەب، جان ئۈزۈش ھالىتىدە كەلىمەئي تەييىبە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا»نى كۆپ ئېيتسۇن. ئاخىرقى نەپەسىدىكى سۆزىنىڭ كەلىمەئى تەييىبە بولۇشىغا تىرىشسۇن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قاراقاش ناھىيىسى تۇۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

موللا فەنائىي

# خەمسەتۇل ـ ھىكايات

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆرلىقا سىيت

مۇھەررىردىن: «خەمسەتۇل ـ ھىكايات» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان يەنە بىر مۇھىم بەدىئىي يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر تۆت دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى ۋە پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ ھېكايىسى بىلەن قوشۇلۇپ، بەش ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۇنىڭغا «خەمسەتۇل ـ ھىكايات»(بەش ھېكايە) دەپ ئات قويغان. بۇ ھېكايىلەر ئىچىدە كىتاب مۇقەددىمىسىگە دائىر بابلار ۋە بىرىنچى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى گۈزەل نەزم شەكلىدە يېزىلغان. ئىككىنچى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسىدىن باشلاپ ئاخىرغىچە بولغان قىسمى راۋان نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ نەزمىي قىسمى بولسۇن، ياكى نەسرىي قىسمى بولسۇن يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت بىلەن يېزىپ چىقىلغان. نەزمىي قىسمىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى «فەنائىي» دېگەن نام بىلەن بىرقانچە يەردە تىلغا ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە:

| | |
|---|---|
| بەلەدى كاشقەر دىيارىم ئولۇپ، | بولمادىم ھېچ ياخشى خىسلەتدە. |
| بار ئىدىم دەردۇ غەم ھىسارىم ئولۇپ. | بار يۈز مىڭ قۇسۇر ھالىمدا، |
| ئاھكىم، ئۆتتى ئۇمرى غەفلەتدە، | زاھىر ئولمىشكى ئاق ساقالىمدا. |

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنىڭ قەشقەر ئىكەنلىكى، ساقىلىغا ئاق پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن، شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى، بۇ ئەسەرنى قاچان يازغانلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز.

«خەمسەتۇل ـ ھىكايات»تا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەن:

| | |
|---|---|
| سازىدىن بەھرىلەردە يوق سەيلان، | زاھىر ئەيلەپ يىگىرمە تۆت شۇئبە، |
| لەھنىدىن بۇلبۇل بولۇپ ھەيران. | پۇتكەرىپ ئاندا قىرىق سەككىز لەئبە. |
| ھەربىرى نۇتقدا مەسىھ كەلام، | تاپتىلار ئۆز مەھەلىدە تەركىب، |
| تەركىبىدۇر ئانىڭ «ئون ئىككى مەقام». | بەردىلەر نەغمەسىدە يۈز تەرتىب. |

دېگەن مىسرالاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى بىر ـ بىرلەپ تىلغا

ئېلىنغان.

«خەمسەتۇل - ھىكايات»نىڭ قولىيازما نۇسخىسى خوتەندىن تېپىلغان بولۇپ، قولىيازمىنىڭ قەغىزى، خەت شەكلى ۋە مۇقاۋىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. قولىيازما خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن، كۆن مۇقاۋىلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق نەقىش ئىشلەنگەن. مۇقاۋا ئىچىدە تۆت ئورۇندا نەقىش ئىچىگە كۆپتۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن «موللا مۇھەممەد يۇسۇف سەھھاف» دېگەن خەت بار. بۇ مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ. قولىيازمىنىڭ فورماتى 40×20 سانتىمېتىر، نەسىر قىسمى ھەربىر بېتىگە 15 قۇردىن، شېئىر قىسمى ھەربىر بېتىگە 15×3 مىسرادىن كۆچۈرۈلگەن.

بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. تۆۋەندە ئەسەرنىڭ شېئىر قىسمى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش - شەيتانىر - رەجىم، بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

ھەمد، يا زۇلجەلالى ۋەلئىكرام،
ئالىمۇل - غەيبى مالىكۇل - ئەللام.
ئول خۇدايىكى زاتى بىمانەند،
كۇنھىغە ھېچ زات ئەمەس پەيۋەند.
زاتى فىكرىدە ئەقلى كۇل ئاجىز،
كۇنھى سەيرىدە ۋەھىم ھەم ناجىز.
ئەھەدىي غەيرىدىن مۇئەررادۇر،
بارچە تەئەللۇغدىن مۇبەررادۇر.
پاكدىن پاك ئېرۇركى زاتى ئانىڭ،
زاتىغە بىل دەلىل سىفاتى ئانىڭ.
نىھەد ئەتمەك بەيان زاتىدىن،
تىلغە سۇردۇم سەكىز سىفاتىدىن.
بىل، ھەياتۇ كەلامۇ ئەلىمۇ قەدىم،
قەدىرۇ سەمىئۇ بەسىرۇ ئەزىم.
تەكۋىن ئىلە ئىرادەتۇ تەقدىر
ئانى قىل جۇملە ئەيلەيىن تەفسىر.

ھەيكى ھەر زىنەفەس ئۇلۇر ئاندىن،
ئول ئەمەستۇركى جىسم ئىلە جاندىن.
چۇن كەلامىدۇر ئەمرۇ - فەرمانى،
ئون سەكىزمىڭ جەھاننىڭ ئەئيانى.
قۇدرەتىدىن جەھان بولۇپ مەۋجۇد،
زاھىر ئولماق جەھاندا بۇدۇ نە بۇد.
كۆر، مۇئەللەقتۇرۇر بۇ چەرخى نىگۇن،
قۇدرەتىدىن ئولۇرغە سەيرۇ سۇكۇن.
سەمئى ئاڭلار قۇلاقسىز ھەر سۆزنى،
كۆرگەي ئول زاھىرۇ نىھان كۆزنى.
تەكۋىن ئەھكامى چەكتى زەۋقىغە دەم،
قىلدى ھەم ئىختىيارى جۇدۇ كەرەم.
قىلسە ھۇكمى ئىرادەتىن ئىزھار،
بارنى يوقكى، يوقنى ئەتكەي بار.
چۇن ئىرادەتدىن ئانچە بار ئەتتى،
لۇتفۇ قۇدرەتىنى ئاشكار ئەتتى.

نەئت ئانھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئەيلە، ئەي ئەندەلىب، نەئت ئاغاز،
كى ھەبىبى ئىلاھۇ مەھرەمى راز.
ماھۇ مىھر ئەرز ئىلە سەماۋاتى،
جىلۋە قىلمىش جەمالى مىرئاتى.

سەرۋەرى بارچە ئەنبىياۋۇ رەسۇل،
رەھبەرى جۇملە ئارىفانى قەبۇل.
رەھمەتى ھەق جەھانغە بولمىش تاج،
تاجدار ئولدى ساھىبى مىئراج،

بولماسا دەھر ئارا ۋۇجۇدى فاش،
ياناماس ئېردى فەلەكتە ئايۇ قۇياش.
ئاچماسا غۇنچە لەئلىدىن بىر گۇل،
نې گۇل ئېردى چەمەندە، نې بۇلبۇل.
كەلمەسە ئالەم ئىچرە ئول خاتەم،
نې جەھان بولغاي ئېردى، نې ئادەم.
ئالەمۇ ئادەم ئولدى خەيلى ئانىڭ،
ئافىرىنىش ھەمە تىفەيلى ئانىڭ.
چۇن يارۇتغاچ جەھاننى نۇرى ۋۇجۇد،
باچە ئالەمغە كەئبەئى مەقسۇد.

«قابە قەۋسەين» بەزمىنىڭ شاھى،
«لى مەئەللاھ» مەقامى دەرگاھى.
شۇكرى،ھەق ئانى بىزگە قىلدى رەسۇل،
جىبرىئىلدىن قىلىپ كەلامى نۇزۇل.
سەييىدى ئالەم ئول مۇھەممەد نام،
خاتەمى ئەنبىيا ئەلەيھىس ـ سەلام.
ھەم دۇئاۋۇ دۇرۇد ئىلە ئەلقاب،
جۇملە ئەسھابىغە بۇلاي ئەھباب.
چۇ رەسۇل ئايدىلاركى: ئەسھابىم،
دوست تۇتغاي ئۇلارنى ئەھبابىم.

## ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

تاجى ئىماننى كىيدىكىم ئەۋۋەل،
شەمئى ئىسلامغە بولدى ئول مەتقەل.
دىنى ئىسلام ئەھلىنىڭ يارى،
شەمئى ئىماننىڭ مەدەدگارى.
بىل ئەبۇ بەكر يار ئېرۇر سىددىق،

سىدق ئىلە كۆردى چېھرەئى تەھقىق.
قىلغاچ ئول ھەق ھەبىبىغە ئىخلاس،
كۆرسەتۇر ھەق ئاڭا تەجەللىئى خاس.
جۇد ئىلەكىم سەخا ئىلە غىررا،
غاردا ئېردى رەسۇلغە ھەمراھ.

## چەھار يارى باسەفا رىزۋانەللاھۇ ئەلەيھىم ئەجمەئىن

مەسنەدى مەئدەلەتدە سۇلتانى،
شەرئ بەزمىدە شەمئى ئىمانى.
ئۇيلە باتىلنى ھەقدىن ئەيلەدى فەرق،
ئەدلى شەمئى يارۇتتى غەرب ئىلە شەرق.

قۇيماي ئىماندىن ئول باشىغە تاج،
بولمادى شەرئ مەجلىسىغە رەۋاج.
يارى ئەدل ئۇمەر تاپىپ قۇربەت،
ئەدلىدىن ياندى مەشئەلى ئۇممەت.

## ھەزرەتى ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىفەتلەرى

مەخزەنى ھىلم ئارا دۇرى سافىي،
ھەم ھەيا جامىدا مەيى سافىي.
ئەينى ئىنسانۇ دىيدەئى ئەينەين،
نۇرى ئىمانۇ شاھى زۇننۇرەين.

چۇن ھەيا كانى ھەم سەفا تاغى،
بۇلبۇلى خۇش نەۋا ۋەفا باغى.
ساھىبى نۇرى ئەينى ئۇسمانىي،
يارى جامىئى كەلامى سۇبھانىي.

## ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاھى مەردان شىرى يەزداننىڭ سىفەتلەرى

ئول شۇجائەت سەرىرىنىڭ شاھى،
شاھى مەردانۇ شىرى يەزدانىي.
كەشفۇل ـ ئەسرارۇ ھەيدەرى كەررار،
ساھىبى مەردۇ قاتىلى كۇففار.
ئەسەدۇللاھى شىرى غالىبدۇر،

زۇلفىقارى جەھاننى ئالىپدۇر.
بىل ئەلى شاھبازىئى غازى،
«لى مەئەللاھ» مەقامى پەرۋازى.
نەئىتۇ ئەلقاب تەئرىفىدە نە دەي،
تىل دىيەلمەسكى مىڭ يىل ئۇلسام ھەي.

**سۆز تەئرىفىدە سۇخەنۋەرلەر سەفھەئى كاغەزگە ئانداغ تىزىپدۇرلاركىم،
ئەھلى تەلەبلەر ئوقۇپ، ئاڭلاپ دۇئارا ياد قىلغاي.**

ئەي سۇخەندانى، فەھم ئىلە سۆز قىل،
ئاڭلاغۇچى گەر ئولسە رەۋشەن دىل.
دانە سۆز نەقل قىلغۇچى دىھقان،
تۇتغاي ھەر دانە بىر يەرىدە مەكان
گاھى دانە تۈشەركى تاش ئۈزرە،
بەئزەسى تۈشكەي قىرۇقاش ئۈزرە.
بەئزى بىنامى شورۇ بىگانە،
تۈشتى سالىھ زەمىنغە ھەم دانە.
دانكى تاش ئۈزرە سەبزە ئۈنمىشدۇر
يىلدىزى يۈرمەيىن قۇرۇمىشدۇر.
قىرۇ قاشغە تۈشەركىم ئانچەئى دان،
سەبزە ئۈنمەي، خورەك قىلۇر مۇرغان.

دانەكىم تۈشتى ئۆلكى بولماس يەر،
چىرمابان غەير سەبزە، بەرمەس بەر.
خۇشە سالىھ زەمىن مەكان ئەتكەي،
پەررەگاھىنى دانەدان ئەتكەي.
قىلسە سۆز سەڭگى دىلغە يەتمەس ئەسەر،
تاپماغاي مەئنىدىن زەمىرى خەبەر.
سۆز تۈشەر گاھى دىل كەنارىغە،
يەتمەگەي مەئنى ئىئتىبارىغە.
بولمىش ئول دىل غەمى خەيالى كۆپ،
سۆز نىگارى ئەمەس ئاڭا مەھبۇب.
ساف دىل بولسە فەھم ئېتەر مەزمۇن،
مىۋەلەر زاھىر ئەتكەي ئول مەۋزۇن.

**كاتىبنىڭ سۇخەنۋەرلىك قىلىپ سۆز تەئرىفىدە ئۆزىنى بىلىندۇرگەنى**

بەلەدى كاشقەر دىيارىم ئولۇپ،
بارئىدىم دەردۇ غەم ھىسارىم ئولۇپ.
ئاھكىم، ئۆتتى ئۆمر غەفلەتدە،
بولمادىم ھېچ ياخشى خىسلەتدە.
بار يۈزىمىڭ قۇسۇر ھالىمدا،
زاھىر ئولمىشكى ئاق ساقالىمدا.
بولسە زاھىر قاچان ساقالىغە ئاق،
بىل يەقىن ئۆمر ئارا دەلىلى فىراق.
ئەمرۇ نەھيىن تۇتالمادىم ھېچ بىر،
بولسە ھەم، بىر ئەمەلدە يۈز تەقسىر.
قىلغانىم يوقتۇر ھېچ ياخشى ئەمەل،
ئۆتمەدى مەئسىيەتسىز ھېچ مەھەل[1].
ئەيلەر ئېردىم بۇ غەمدىن ئەندىشە،
كۆڭلۈم ئېردى بۇ غۇسسەدىن رىشە.
ئۆمرنىڭ خەير بادى مۇمكىندۇر،
ھەر ھەياتغە مەرگ تەئيىندۇر.
ئىلىم چۇن شەمئ ئېردى رەۋشەن نۇر،
بېرىپ ئېرمىش ئاڭا غۇرۇرۇ فۇتۇر.

نى تالئ، ئول شەمئى ھەق ئىنايەتىدىن،
دىلغە بەرسە سەفا ھىدايەتىدىن.
تەۋبە قىلسام نۇسۇھدەك نې ئەجەب،
ئول شەرەفغە گۇناھ بولۇپ سەبەب.
ياندۇرۇر تەۋبە شەمئى ئىسيانىنى،
نۇرىدىن پاك ئېتەر دىلۇ جانىنى.
تەۋبە قىلدىم خۇداغە يىغلاپ زار،
ئول خۇداۋەندى كاشىفۇل ـ ئەسرار.
لېك كۆڭلۈمگە ئاززۇ ئېردى،
نىيەتى خەيردىن غۇلۇ ئېردى.
قالسە مەندىن جەھاندا ياخشى ئات،
ئاتى ئولدۇركى يادگارى ھەيات.
روھۇمە يەتسە خۇش دۇئا ئاندىن،
جانىمە بەھرە ئەتكەي ئىماندىن.
كۆپ تەمەننايى دىلغە ئېردى مەھال،
يەئسى دەرمان ئىچىدە سوزىش ھال.
بولدى ناگەھ كىتابەتى مەنزۇر،
پەردەئى فارسى بىلەن مەستۇر.

[1] قولىيازمىدا بۇ سۆز «ئەمەل» يېزىلغان. قاپىيە ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن «مەھەل» ئېلىندى.

دەفتەرىدۇركى مەتلەئى ھەيرەت،
قىسسەئىدۇركى مەقتەئى غۇربەت.
شىرى مەئنى مۇسەننىفى رازى،
خاجە ھافىز ۋەلىئى شىرازى.
جەمئ قىلمىشكى بۇ كىتابەتنى،
نەسر تەرتىب ئىلە ئىبارەتنى.
فەھم قىلدىم ئەجىب رىۋاياتى،
ئاڭلادىم ھەم غەرىب ھىكاياتى.
ياڭى باشتىن يانىپ فىراق ئوتى،
تۇشتى جانىمغە ئىشتىياق ئوتى.
نەزم قىلماق بولۇپ ماڭا مەتلۇب،
بولغاي ئەلفازى تۈرك ئىلە مەكتۇب.
ئۇيلە مەقسۇدغە شەۋق ئولۇپ غالىب،
بۇيلە مەتلۇبغە زەۋق ئولۇپ تالىب.
شىممەئى ھالىدىن فەسانە دېدىم،
ياشنى كۆزدىن قىلىپ رەۋانە دېدىم.
دىلبەرى فارسىينى كەلتۇردۇم،
خىلئەتى تۈركىن ئاڭا كىيدۇردۇم.
نەزمدىن بەردىم ئانچە ئارايىش،
تاپقاي ئول سايىر ئاندا ئاسايىش
فارسىيدىن بولسە تۈركىي بىبەھرە،
قايدا ئاچغاي مۇراد ئاڭا چېھرە.
بەھرەۋەر بولسە كىمدە بۇ مەنزۇم،
بولماس ئول گۇل جەمالىدىن مەھرۇم.
نۇكتەلەركىم لەزىزۇ ئەھسەنراق،
شۇئلەلەركىم سەرىھۇ رەۋشەنراق.
بەش ھەۋاس ئالتە جەھەتىدىن ئاسار،
چۇن لەتايىف غەرايىبۇل - ئەسرار.
ئاڭلا بۇ «خەمسەتۇل - ھىكاياتى»،
بىزگە خەللاقىنىڭ ئىناياتى.
ھەم ئوقۇغان، ئىشىتكەن ئولغاي شاد،
بۇ غەرىبنى دۇئادا قىلغاي ياد.
ئىلتىماسىم بۇدۇركى، ئەي ياران،
بولسە نەزمىمدە سەھۋ ئىلە نۇقسان؛
سەھۋلەرنى مەئاف قىلسۇنلار،
ياساماق بىرلە ساف قىلسۇنلار.
كىمسە ئەيبىنى ياپسا كىم بىر بار،
ياپغاي ئانىڭ يۈز ئەيبىنى سەتتار.
چۇن ياسار كىم بۇزۇق رەباتىنى،
قويغاي ئالەمدە ياخشى ئاتىنى.
ياخشى ئات ئىستەسەڭ، فەنائىي، يانا،
ئاتى ئىككى جەھاندا فەقرۇ فەنا.

## فەسلى داستان ئىشتمەك كېرەككىم، پادشاھ ئازادەبەخت خىلۋەتكە كىرگەنى

راۋىئى قىلدى بۇ رىۋايەتنى،
ۋاقىئ ئولغان غەرىب ھىكايەتنى.
ئىقلىمى رۇمدا پادشاھ ئېردى،
ئاتى ئازادەبەخت شاھ ئېردى.
مەخزەنىغە چۇ يوق شۇمارە ئانىڭ،
لەشكەرىگە ھەدۇ كەنارە ئانىڭ.
ئەدلۇ ئېھسان سەخا بىلە مەشھۇر،
ئەقلۇ دانىش سەفا بىلە مەزكۇر.
كامىل ئېردىكى ئىلمۇ ھىكمەتدە،
فەھمۇ ئىدراك ئىلە فەراسەتدە.
يوق ئاڭا ئالەم ئىچرە ھېچ كەمىلىك،
شاھلار قەددى ئالىدا خەمىلىك.
لىك يوق ئېردى بىر ئوغۇل فەرزەند،
تەختى شاھىغە بولغالى پەيۋەند.
كۆڭلى بۇ غۇسسەدىن مەلال ئېردى،
كېچە - كۈندۈز غەمۇ خەيال ئېردى.
بىر كۈن ئالدى قولىغە ئايىنە،
كۆڭلىدىن خارىج ئەيلەدى كىنە.
باقتى ئايىنەغە مىسالىدا،
قىلدى مەشھۇد ئاق ساقالىدا.
يۈزلەنىپ خەۋفۇ يۈز تۈمەن ئەندۇھ،
يۈز قويۇپ ھەر دەمى غەمۇ ئەنبۇھ.
كۆڭلى غەم شۇئلەسىدىن ئۆرتەندى،
شادلىق ئۇچقۇنىدا چۆرگەندى.
ئۆزىگە ئايدى ئەي دىلى گۇمراھ،
ئويغانىپ غەفلەتىڭدىن ئول ئاگاھ.

دەھر فانىيدا ئىئتىماد ئولماس،
ئۇمرى بىھاسىل ئىچرە شاد ئولماس.
ئاق ساقالىغە ئول زەمان زاھىر،
بولغۇسى رەخنە ئۇمرىدىن دايىر.
ئاق يىگىتلىكنىڭ ئىنتىھاسىدۇر،
بىل قارىلىغنىڭ ئىبتىداسىدۇر.
ئۇمرىدىن قىلدى كىم ئۇمىدى ۋەفا،
تۇرفە تەسدىئ سەن چېكىپ بىجاھ.
شاھلىخ مەسنەدىدە ئولتۇردۇڭ،
كۆپ سىپەھ ـ لەشكەرىڭنى ئۆلتۈردۈڭ.
ئالمادىڭ لەھزە ئەيش ئىلە ئارام،
سەھۋۇ غەفلەتدە ئۆتكەرىپ ئەييام.
بۇ كۈن ـ ئەرتە ئەجەل سەداسى كېلۇر،
«ئىرجەئۇ رەببەكۇم» نىداسى كېلۇر.
بولماغاي سۇنمايىن بويۇن چارە،
خانىمانىڭدىن ئەتكەي ئەۋۋارە.
ئايرىلۇر چاغكى جاھ ئىلە جاندىن،
زەنۇ فەرزەندۇ دوستۇ ياراندىن.
قىلماغاي فايدەئى پۇشەيمانىڭ.
ھەسرەت ئىلە چىقار ئەزىز جانىڭ.
ھەيف، يۈز ھەيف تەختۇ تاجىڭغە،
مالۇ نەقدۇ جەھان خىراجىڭغە.
تاجۇ تەختىڭغە بولغۇدەك ساھىب
يوق ئوغۇل، مۇلكۇڭ ئۇزرە بىر نائىب.
قايسى دۇشمەنغە قالغاي ئول مالىڭ،
تەختۇ تاج ئىلە نەقدى ئەمۋالىڭ.
بىمۇرۇۋۋەت بۇ چەرخى كەج رەفتار،
ئەيلەگەي شاھلارنى بىمىقدار.
كېچە ـ كۈندۇز غەمى فۇزۇن ئولدى،
دەم بەدەم ۋەھشەتى ئۇزۇن ئولدى.
تەختى دەۋلەتىغە چىقمادى ئۈچ كۈن،
تۇتتى خىلۋەت، كىشىگە قىلمادى ئۈن.
غەم ئوتى ئىچرە ئۆرتەنۇر ئېردى،
ئاھى سەرد ئىلە سارۇلۇر ئېردى.
ئۇمەرا ئىچرە تۇشتى كۆپ ئاشۇب،
ۋۇزەرا مەجمەئى بولۇپ مەنكۇب.

تۇرفە سۆزلەر تاپىپ خەلايىقى ئام،
خاسلار تاپمادى دەمىي ئارام.
ئۇمەرا ۋۇزەرا يىغىلدىلار،
مەسلەھەت ئىتتىفاق قىلدىلار.
بار ئىدى شەھغە بىر ۋەزىرى ئەزىم،
بارچەدىن مەھرەمۇ نەدىمى قەدىم.
ئاتاپ ئاتە، يانىدە بەرمىش جاي،
ئاتى ئانىڭ ۋەزىرى رەۋشەنراي.
مەسلەھەت تاپتىكىم ئاڭا تەئيىن،
بەرگەي ئول شاھ كۆڭلىگە تەسكىن.
كەلدى شەھنىڭ مەقامى خىلۋەتىغە،
تىلەدى ھەم ئىجازە خىزمەتىغە.
خاس ئىشىك ئاغالار بىلىندۇردى،
ۋەزىر ئىشكىدە ئۇننى بەلگۇردى.
چۈن ۋەزىرنىڭ ئۈنىن ئىشىتتى شاھ،
ئىزن بەردىكى كىرگەي ئول دىلخاھ.
قىلدى خىلۋەت ئارا ۋەزىر ئەئزەم،
بولغالى شاھ سىررىغە مەھرەم.
ئەيلەدى تەئزىمۇ ئۇبۇدىيەت،
ۋىرۇساڭ مەن كەمىنەگە خىزمەت.
خىزمەتىڭدۇر ماڭا مۇباھۇ شەرەف،
قىلسام ئانىڭ كويىدا جان بەتەلەف.
سۆزگە كىردى فەساھەت ئىلە ۋەزىر،
نۇكتەسىدىن مۇنەۋۋەر ئولدى زەمىر:
پادىشاھاكى، ئۇمرۇڭ ئولغاي ئۇزۇن،
دەۋلەتىڭ باقىي، ھۇرمەتىڭ ئەفزۇن.
ھەق ئەتا ئەيلەگەي بەقايى شاھ،
ئەدلىڭ ئولغاي جەھان ئىلىگە پەناھ.
بۇ نە ئەندۇھۇ نە مەلال ساڭا،
مۇنچە شەۋكەت بىلە نە ھال ساڭا؟
خاتىرىڭغە نېدۇركى بائىسى غەم،
نى سەبەبدىن يېتىپ بۇ دەردۇ ئەلەم.
سەلتەنەت ئۇزرە نې كەمىڭ بولغاي،
شاھ نەقد ئىلە نى غەمىڭ بولغاي.
فەۋجۇ فەۋجۇ غۇلام ئىلە چاكەر،
خەيلۇ خەيلۇ سىپاھ ئىلە لەشكەر.

بەندەئى بۇردەۋۇ مۇتىئ ساڭا،
ھەق مەقامى بىرىپ رەفىئ ساڭا.
شەھ ئەگەر بولسە رەنج ئىلە غەمناك،
باك ئەمەس بولسە مۇلك ئەھلى ھەلاك.
ئاڭلادى چۇن بۇ سۆزنى شەھ ئاندىن،
تىيمادى كۆزنى ئەشكبار ئاندىن.
يىغلادى شاھ مىسلى ئەبرى بەھار،
ژالەلەر تۆكتى دىيدەئى خۇنبار.
ئايدى شەھ: ئەي ۋەزىرى رەۋشەنراي،
ئەفسۇس ئىلە دەرىغ ھالىمە ۋاي.
دەردۇ غەم بىرلە يىغلاماي نېتەيىن،
ئەيش ھۇسنىنى ئىرماماي نېتەيىن.
نې ئۇچۇن ساچماي ئەشك خىلۋەتغە،
گەردى كۇلفەتنى فەرقى ئىشرەتغە.
مۇددەت ئىلە مەددى نافەرجام،
ئۆتتى ئۇمرى بەئىد ئىلە ئەييام.
تىخ چەكمەكدە رەزم ئارا شايىئ
كۆپ سىپاھىمنى ئەيلەدىم زايىئ.
بەقدى ئەمۋال كۆپ تەلاف قىلىپ،
خەسمدىن مەملەكەتنى ساف قىلىپ.
ئانچە غالىبنى ئەيلەدىم مەغلۇب،
ھاسىل ئولدى نىكىم ماڭا مەتلۇب.
مەندە يوق لېك بىر ئوغۇل فەرزەند،
بخاتىرىم بىر دەمىي ئەمەس خوررەم.
ۋەقتىكىم يەتسە مەرگى ئەمرى قەزا،
بولغۇسى جىسمىمە يەر ئاستىدە جا.
ياندۇرۇر تەختىم ئۇزرە خەسم چەراغ،
ئەيلەگەي مۇلكۇم ئىچرە ئەيشۇ فەراغ.
غەير قويغاي قەدەمگەھىمغە قەدەم،
بولماغاي جانىمە بۇ ياڭلىغ ئەلەم.
ئەمگەكىم زايىئ ئولغۇدەك ئاخىر،
مۇلك بەرباد ئولغۇدەك ئاخىر.
كۆزىدىن يانە ئەشك ئاقىزدى،
سۆزىنى شەھ بۇ يەرگە يەتكۇردى.

ئېرسە ۋەزىر رەۋشەندىل پادىشاھغە نەسىھەت گۇشمالى بېرىپ، خىلۋەتدىن چىقار [غانى ]

چۇن ئىشتتى ۋەزىر بۇ سۆزنى،
سۇرتۇبان شەھ ئاياغىغە كۆزنى.
شاھغە ئايدى: ئەي شەھى خۇبان،
مەقدەمىڭغە نىسار بولسۇن جان.
ھەق مەقامىڭنى پايدار ئەتكەي،
تەختى ئىززەتدە كامكار ئەتكەي.
تاپماغاي جىسمىڭا مەرىز مەھەل،
يەتمەگەي مۇلكۇڭا نەسىمى خەلەل.
ئەدلىڭ ئىلە پەناھ بول ئەلگە،
ژاھ ئۇمرۇڭنى بەرمەگىل يەلگە.
بۇ تەخەييۇل خەيالى بىھۇدە،
بولمە دۇنيا غەمىغە ئالۇدە.
زەنۇ فەرزەند مالى ژاھى ئەبەس،
بولماغىل مەئسىيەت ئىلىگە ۋەرەس.
ئەيلەسەڭ ئاخىرەتنى ئەندىشە،
ئەدلۇ ئىھساننى پىشە قىل، ئەي شەھ.
ئۇمر كوتەھۇ دەھر فانىيدۇر،
بارچە تۇفراق ئارا نىھانىيدۇر.
قىل ھەياتىڭ ھەمىشە ئەيشۇ ھۇزۇر،
نۇش ئېتىپ لەھزە ـ لەھزە جامى سۇرۇر.
سۇھبەت ئەتمەك كېرەك مۇۋافىق ئىلە،
دەم بەدەم دوستۇ يارى لايىق ئىلە.
شاد ئولۇپ، ئەيش ئىلە تەرەف قىلغىل،
تەڭرىدىن بىر ئوغۇل تەلەب قىلغىل.
قىل نەۋازىش غەرىبۇ غەمكىنغە،
بارچە دەرۋىشۇ جۇملە مىسكىنغە.
سەدقەئى نەزر كۆپ نىياز بىلە،
سەرفى ئۇمر ئەيلەگىل نەماز بىلە.
ئۇلەما فۇزەلا دۇئاسىن ئال،
بەرگەي ئوغۇل خۇدايى بىتىمسال.
كۆپ نەسىھەت سۆزىن تۇگەتتى ۋەزىر،
ئاڭلادى چۇن بۇ سۆزنى شاھى دەلىر.

## ۋەزىرنىڭ سۆزى بىرلە پادىشاھنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپىپ، خىلۋەتتىن چىققانى

شاھ ئازادە بەختى باھىممەت،
بەر تەرەف بولدى كۆڭلىدىن ھەررەت.
غەم غۇبارى ئارىدى خاتىرەىدىن،
خاتىرى فەيزى پۇر مەقاتىرىدىن.
كۆڭلى تەسكىن تاپىپ تەسەللىسۇلدىن،
خۇش دىماغ ئۇلدى ئەترۇ سۇنبۇلدىن.
ئەترەگۇل بىرلە خۇش دىماغ ئۇلدى،
غۇنچەدەك خاتىرى فەراغ ئۇلدى.
ئېيلەبان بارچەلەرغە لۇتف ئىزھار،
مەملەكەت ھالىن ئەتتى ئىستىفسار.
چۇن ۋەزىر ئايدى: ئەي شەھى ئادىل،
ھەق مۇرادىڭنى ئېيلەسۇن ھاسى.
ئەھلى ئەئيانى مەملەكەت بارى،
كۆپ تەزەررۇئ بىلە قىلۇر زارى.
ئۇلەما، فۇزەلا فىراقىڭدا،
كۆپ دۇئا بىرلە ئىشتىياقىڭدا.
ئۇمەرا، ۋۇزەرا ئىزامۇ كىرام،
ئىنتىزارىڭدا بارچەئى خاسۇ ئام.
بىقەرار ئۇلدى دەۋلەتى ئەركان،
مەسنەد ئۈزرە چىقارمىكىن سۇلتان.
قوي قەدەم، ئەل كۆزىنى قىل رەۋشەن،
گۇل يۇزۇڭدىن سەفا تاپۇر گۇلشەن.
شەھ دېدى: تاڭلا بارگاھىمنى
رەۋشەن ئەيلەي، كۆرۇپ سىپاھىمنى.
شايەد ئارەستە قىلىپ مەجلىس،
مەجلىسىم ئەھلىغە بولاي مۇنىس.
قىلدى رەۋشەن ۋەزىر شەھغە دۇئا،
كەلتۇرۇپ يۇز ئۇبۇدىيەت بەرجا:
تا جەھان بار، جەھاندا بولغايسەن،
خەۋفلەردىن ئەماندا بولغايسەن.
رۇخسەت ئالدى ۋەزىر ھەم شاھدىن،
چىقتى خۇشھال خاس خىلۋەتدىن.
شاھدىن ئەلگە يەتكۇرۇپ فەرمان،
تاڭلا مەجلىسنى يورۇتۇر سۇلتان.
ھەركىم ئۆز مەنزىلىغە يانسۇنلار،
ئەھلى ئەۋلادىغە قوۋانسۇنلار.

بارچەغە شادكام ئۇلۇپ ھاسىل،
تۇتتىلار ئۆز مەقامىدا مەنزىل.
شەھ قىلىپ ئۆتكەن ئىشلارىنى خەيال،
خاتىرىغە يېتىپ خۇتۇرۇ مەلال.
كۆپ پۇشەيمان ئەيلەدى ئىزھار.
ھەق جەنابىغە تەۋبە ـ ئىستىغفار.
لېك دەفئى مەلال ئۇچۇن ئول دەم،
مەشغۇل ئۇلدى كىتاب سارىغە ھەم.
بىر كىتاب ئۈزرە كۆردى بۇ مەزمۇن،
بولسە كىم ۋەھمۇ غەم بىلە مەھزۇن؛
بولماسا رەفئ سەئيى بىرلە غەمى،
ئۆكسۇمەس بولسە كۆڭلىدىن ۋەھمى؛
چۇنكى بارماق كېرەك گورۇستانغە،
فاتىھە بەخش ئەتمەك ئىشانغە.
تىلەپ ئەھلى قۇبۇرغە ئەمرى نىش،
سەلەۋات ئەيلەمەك رەسۇلغە پىش.
شايەد ئول كامى ھاجەتى تىلەگەي،
رۇھىدىن ئىستىئانەتى تىلەگەي.
كۆڭلىگە رىققەت ئۇلغۇسى ھاسىل،
بولغاي ئول رىققەت ئىلە رەۋشەن دىل.
ئەشك ئاقىزىپ خۇدانى قىلسە ياد،
بولغۇسى بارچە غۇسسەدىن ئازاد.
ئۇيلەكىم خاتىرى ھۇزۇر تىلەر،
ناگەھان بادەئى غۇرۇر تىلەر.
چۇن گورىستان ئارا گۇزەر قىلغاي،
قەبرەلەرغە دەقىق نەزەر قىلغاي.
دىلى غافىلنى بۇ فەسانە بىلە
ئەيلەگەي ۋاقىف ئول تەرانە بىلە.
دېگەي ئۇشبۇ قوبۇرى ئەھلى بۇرۇن
ساھىبى شەۋكەت ئېردىلەر ئەفزۇن.
دەھرى غەددار ئارا مەتائۇ قۇماش،
كۆپ يىغىپ ئېردىلەر جەۋاھىرى تاش.
ئەيش ئەسبابىنى ئەيلەپ ئامادە،
جامى ئىشرەتدە نۇش ئېتىپ بادە.
نازىش ئەتتىلەرۇ بۇلار نەچە كۇن،
تەربىيەت قىلدى چەرخى بۇ قەلەمۇن.

ئايرىلۇر ھالا دوستۇ ياردىن،
زەنۇ فەرزەند ئىلە دىياردىن.
گورلار تەڭۇ تارۇ تارىكدۇر،
يالغۇز ئول ئۆي ئىچىدە بارىكدۇر.
شەربەتى مەرگنى ئىچىپدۇرلار،
لاجەرەم ھەرنەدىن كېچىپدۇرلار.
ئۆمرى بىھۇدە ئۆتكەرىپ ئەييام،
دەھر ئىشىدىن مۇيەسسەر ئولمادى كام.
دەھردىن يۈز تۇمەن نەدامەت ئىلە،
گور مەغاكىغە قاچتى خجلەت ئىلە.
يارۇ ھەمدەمسىزىن ياتىپدۇرلار،
تىيرە تۇفراق ئارا پاتىپدۇرلار.
قەبرلەر ئۈزرە لەۋھى مەشق ئىلە خەت،
دىدەئى ئىئتىبار چەكتى نۇقەت.
مۇغتەنەم ھۇش ئىلە تۇت ھەر دەمىنى،
ئاز فەرەھ يەتكۇرۇر، تولا غەمنى.
ئۆيلە كۆپ يىغلاتۇركى بىر خەندە،
گىرىيەدىن شادلىغ پەراكەندە.

**پادىشاھ ئازادە بەخت زىيارەتى ئەھلى قۇبۇرغە بارىپ، دەرۋىشلەر بىرلە كۆرۈشكەنى ۋە قەبرە ئارقاسىدا ماراپ، دەرۋەشلەرنىڭ سەرگۈزە [شتىنى ئىشتكەنى]**

ئالدى مەزمۇن شەھ كىتابەتدىن،
تاپتى كۆڭلى رۇسۇخ رافەتدىن.
چۇن يېتىپ خاتىرىغە فەيزۇ سۇرۇر،
شاھ قىلغاي زىيارەت ئەھلى قۇبۇر.
كۆڭلىگە سالدى مەسلەھەتنى نېچە،
كۆردى خوب ئاندا بارماغىنى كېچە.
گەرچە كۈندۈز بارۇر ئېسەم ئاندا،
ئات ئاياغى بولۇر گورىستاندا.
تا كېچە بولدى، قىلدى غەيرى لىباس،
چىقتى تەنھا شەھى نۇجۇمشۇناس.
شەھر رۇكنىدا چۇن بار ئېردى مەزار،
دەر ئىدىلەركى فايىزۇل - ئەنۋار.
يەتتى ئاندا ئۇقۇپكى فاتىھە پېش،
جۇملە ئەرۋاھغە قىلىپ بەخشىش.
قىلدى ئەجزۇ نىياز سۇبھانغە،
دىدەسىن ئاچتى ئول گورىستانغە.
جەزم ھەق سۇنئىغە بولۇپ سايىر،
دەۋر ئېتەردە ئىھاتەئى دايىر؛
چارتاقىكى رەۋشەن ئاندا چەراغ،
قويدى ئول تاق ئارا گورىستانغە ئاياغ.
شەھ دېدى كۆڭلىگە يېتىپ جۇرئەت:
بۇ نەۋاقىئ ئىكىن، بۇ نې ھالەت.
نەقب زەن دوزلارمىكىن ئاندا،
مال تەقسىم قىلۇرمۇ پىنھاندا؟
ياكى بولغاي غەرىب سەرگەردان،
يارئىلە خانىماندىن ئايرىلغان؟
قىلسە دەۋران ئانى جەۋلايى ۋەتەن،
بولسە تاڭ يوق ئاڭا بۇزۇق مەسكەن.
ياكى دەرۋىشى مۇئتەكىفدۇرمۇ،
ھەق سىپاسىغە مۇئتەرىفدۇرمۇ؟
قەتئ ئېتىپ خەلقدىن ئۇمىدى تەمەئ،
قىلسە نې تاڭ تەۋەككۇل ئىلە قەنەئ.
باراي ھەر ۋەجھ ئىلە بەھەر بارى،
كىم تەفەھھۇس قىلاي بۇ ئەسرارى.
ۋەقتىكىم باردى چارتاقغە يەقىن،
تۆرت دەرۋىش كۆردى پۇر تەمكىن.
ئۆشىنىدە خىرقەئى فەناسىدۇر،
ئاستىدا فوستىن فەلاسىدۇر.
باشلارىنى قويى سالىپ خامۇش،
غۇسسە بەھرىدە غەرق ئولۇپ بىھۇش.
ئولتۇرۇپدۇرلار ئاندا ھەيرەتناك،
تۇرفە بەدھال مەئيۇسۇ غەمناك.
ئول چەراغىكى تاپمىش ئاندا زۇھۇر،
غۇرەبا خاتىرى كەبى بىنۇر.

رەۋزەئى خۇلدى خىلۋەتمى دەرۋىش،
شاھلىق بەلكى خىلۋەتى دەرۋىش.
شەھ ئۆزىنى ئۇلارغە يەتكۈرگەي،
دۇررى مەقسەدنى قولغە كەلتۈرگەي.
خاھلادىكىم قەدەم قويا دەپ پىش،
پىش دەست ئولدى ئەقلىدۇر ئەندىش.
ئىمتەھان ئەتمەيىن قىلىپ تەھقىق،
تۇتمە، ئەي دوست ھەر كىشىنى رەفىق.
ئاڭلاغۇنچە ھەقىقەتىن سائەت،
مەسلەھەت ئېرمەس ئولماق ھەمسۇھبەت.
شاھ ئەندەك تەئەممۇلى قىلدى،
بارماغىغە تەھەممۇلى قىلدى.
شەھ تۇرۇپ ئېردى ئاندا، دەرۋىشان
ئولتۇرۇپ چارياردەك ئىشان.
ئەز قەزا دەرۋىشان ئەتۋارى،
بىرىدىن بولدى ئەتسەئى جارى.
تىلىنى ھەق سەناسىغە ئاچتى،
«ھەمدۇلىللاھ» جەۋھەرىن ساچتى.
مۇنىڭ ئاۋازىدىن بولۇپ بىدار،
بىرى قىلدى جەۋاب ئىستىزھار.
قوپتى چۈن ھەر بىرى كۆرۈشتىلەر،
سوراپ ئەھۋال ئولتۇرۇشتىلەر.
داغى قوپتى ئۇلار ئارا بىر تەن،
ئەيلەپ ئولتۇردى شەمئىنى رەۋشەن.
شەھ دېدى: چۈن بۇلارنىڭ ئەسرارى،
شايەد ئولغاي زۇھۇر كىردارى.
قەبرەكىم چار تاقى ياندا،
شاھ ئولتۇردى قەبرە ساندا.
كۆز تىكىپ تۇردى شەھ ئۇلارغە قاراپ،
ئاڭلاغاي قەبرە ئارقاسىدا ماراپ.
بىرى ئايدىكى: ئەي بەرادەرلەر،
بەھرى دەۋران ئارا شىناۋەرلەر.
يەتكۈرۈپ بىزگە كۆپ ستەم گەردۇن،
كۆرسەتىپ رەڭ چەرخى بۇقەلەمۇن.
قىلدى يارۇ ۋەتەندىن ئەۋۋارە،
ئەيلەدى زۇلمى بىلە بىچارە.
رەنجى بىھەد چېكىپ مەشەققەتلەر،
ئانچە ئىسسىغ - ساۋۇقدا مىھنەتلەر.
كوھۇ ۋادىيلار ئىچرە مەجنۇنئار،
سەل ئاقىزىپ بۇ دىيدەئى خۇنبار.
ھېچ مەنزىلدە ئالمايىن ئارام،
كېچە - كۈندۈز سۈرۈپ بۇ ۋادىغە گام.
تۆرتۇمىز بۇ كېچە بولۇپمىز جەمئ،
ئۆرتەنۇر ھالىمىز [غە] يىغلاپ شەمئ.
كىم بىلۇر تاڭلا چەرخى كەج رەفتار،
نې جەفالار قىلۇر ئىكىن ئىزھار.
باشىمىزغە نە ئىشنى كەلتۈرگەي،
جانىمىزغە نە جەۋر يەتكۈرگەي.
ئۆتكەرەلى بۇ كېچەنى بىدار،
تاڭلا غەربال دەۋرىدىن نې بار.
پىرە زالىكى چەرخى بىبۇنياد،
ئويغاتۇر تاڭلا نې تەرىقە فەساد.
دامى غەفلەت ئىچىدە ياتقۇنچە،
ئۆزنى غەم مەجمەئىغە قاتقۇنچە.
ئايتىشالىن ھەدىسى پۇر غەمدىن،
ئۆتكەن ئەھۋالى سۇگى ماتەمدىن.
قىسسەئى جان گۇدازىمىز كۆپدۇر،
ئەيلەمەك بىزگە شەرھى مەرغۇبدۇر.
تاڭلا كەلتۈرسە باشغە ھەرنە قەزا،
دېدى كۆرسەك بېرىپ قەزاغە رىزا.
دەرۋىشى ئايدى: قىلدىڭ ئەۋۋەل سۆز،
مەجلىس ئىچرە سەلاھ سەن كۆرگۆز.
قىل بەيان سەرگۈزەشتى ھالاتىڭ،
ئاڭلالى سوزلۇق ھىكاياتىڭ.
دەھرى دۇن بىزگە قىلدى نې ھاسىل،
بىزھەم ئولغايمىزۇ ئاڭا ناقىل.
سۆزنى قىلغىل بۇ يەردە راستى بىلە،
ئاڭلاساق بىز خۇدانىڭ يادى بىسلە.

**فەسلى داستان، ئەۋۋەلقى دەۋرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتەسىنى ئايتۇر، راۋىيلار ئانداغ بەيان قىلىپدۇرلاركىم، ئەۋۋەلقى…**

دەرۋىشى ئەۋۋەل ئىككى تىزىنى
قويدى يەر ئۈزرە، يۇمدى كۆزىنى.
ئولتۇرۇپ يىغلادىكى زارۇ زار،
ئەشكلەر ساچتى چۇنكى ئەبرى بەھار.
دەرۋىش ئاچتى فەسانەغە ئاغزىن،
ئەندەلىبدەك تەرانەغە ئاغزىن:
ئاڭلا، دەرۋىشلەر، رىۋايەتنى،
ۋاقىئ ئولغان غەرىب ھىكايەتنى.
بۇ كەمىنە ئەرەب دىيارىدىن،
كى بولۇرمەن يەمەن ھىسارىدىن.
پەدەرىم بار ئېردى دۇنيادار،
ئىبەرۇر ئېردى ھەر تەرەف تۇججار.
تاجىر ئەھلىغە يوقسە سەرمايە،
ئاندىن ئالۇرلار ئېردى دەسمايە.
شەھر ئېلى ئەكسەرىنىڭ ئەۋقاتى،
كىچەر ئاندىن ئىدى تىجاراتى.
شەھر ئارا ئىئتىبارى مەشھۇر ئىدى،
خۇبلۇقى خەلق ئىچىدە مەزكۇر ئىدى.
بار ئىدۇك ئاڭا ئىككى فەرزەندى،
بىر ئوغول، بىرى قىز جىگەر بەندى.
يەتتى ھەمشىرە چۇن كەمالىغە،
غۇنچە زار ئېردى گۈل جەمالىغە.
مالى بىھەد بىلە چىقارىپ ئانى،
ئەيلەپ ئېردى كۈيەۋ ئوغۇلنى غەنى.
فەقىر ئون تۆرت ياشىغە يەتكەن ھەم،
ئاتانىڭ دەۋلەتىدە يوق ھېچ غەم.
ۋەقتىكىم ھەم يېتىپ ئاتامغە قەزا،
قىلدى رىھلەت، بېرىپ قەزاغە رىزا.
سۇگۇ ماتەم تۇتۇپ زەنۇ فەرزەند،
دوستۇ يارانۇ جۇملە خىشاۋەند.
ياقا چاك ئولدى، دىدەلەر گىريان،
كۆپ چېكىپ ئوتلۇغ ئاھ ئىلە ئەفغان.
جەمئى تەرتىب ئىلە كەتۇردىلەر،
ۋەتەنى ئەسلىكە يەتۇردىلەر.
دەفنىدىن سوڭ يانىپ خەلايىق ئام،
ھەركىم ئۆز جايىدا تۇتۇپ ئارام.
بولدى ھەفتە، قاياش ئىلە ياران،
ياندىلار ئۆز مەكانىغە ھەر يان.
مېنى قىلدى ئاتام فىراقى زەبۇن،
يالغۇز ئۆي ئىچرە ئولتۇرۇپ ئۈچ كۈن.
ئەل يۈزىگە ئىشىك ياپىپ كۈندۈز،
كىرمەسۇن دەپ قاشىمغە ياتۇ ئۆز.
ھەم كىچىكدىن بولۇپ ماڭا ئادەت،
كەم تۇتار ئېردىم ئەل بىلەن ئۈلفەت.
ئادەمىيلەر باشىغە، ئەي دەرۋىش،
نې بىلۇر نې كېلۇر، نە تۇشكەي ئىش.
باردۇرۇر ھەر دىيار ئارا ئەۋباش،
بولماغاي ئۆيى ئىچرە بۇيى مەئاش.
تىلەپ ئەلدىن ئالىپ كىراغە لىباس،
ياساغاي زاھىرىن ئەۋامۇن ـ ناس.
شىرەلىككىم بولۇرلار ھەمشىرە،
ئەيلەمەك ئەل تەئامىدىن شىرە.
ئۇشبۇ بىر خەيلكىم ئەرازىلدۇر،
لەھۋە ئىسياندا چۇن ئەزازىلدۇر.
نەچچەسى تاپشىپ كېلىپدۇرلار،
ئۆيدە يالغۇزلۇقۇم بىلىپدۇرلار.
كىرگۈزۈپدۇر كىشى تىلەپ رۇخسەت:
ئەيلەسەك خاجەزادەغە رەفقەت.
ئىزنى بەردىمكى، كىردىلەر ياران،
تەئزىيەت يەتكۈرۈپ، بولۇپ گىريان.
ئەيلەسەم گىريە بىرلە نالەۋۇ ئاھ،
ھەم چېكەر ئېردى نالەئى جانگاھ.
يىغىدىن توختاتالمادىم ئۆزنى،
ئەشكىدىن ھەم تىيالمادىم كۆزنى.
سائەتى ئۆتتىكىم، ئۇلار بارى
مەۋئىزەت ئىچرە تۇشتى گۇفتارى.
ناسىھ ئولدىلار بېرىپ ماڭا پەند:
سۇد قىلماسكى يىغلاساڭ ھەرچەند.

چۈن ئەزەلدىن ئەبەدغە فانىي جەھان،
تاپماغاي زىننەفەس ئۆلۈمدىن ئەمان.
ئاتا ئۆلمەك مىراس ئېرۇر بىزگە،
كەلمەدى ئالەم ئىچرە بىر سىزگە.
كەلسە كىم بۇ جەھانغە، كەتمەكدۇر،
يانىپ ئۆز مەنزىلىغە يەتمەكدۇر،
تا تىرىكسەن، ئاتاڭنى قىلساڭ ياد،
فاتىھە بىرلە ئەيلە رۇھىنى شاد.
خەيرۇ ئىھسان، سەخا بىلە بولغىل،
ئەرتە ـ ئاخشام دۇئا بىلە بولغىل.
تاشلا ماتەم، چىقىپ مۇسىبەتدىن،
كىي لىباسىڭغە شاھ خىلئەتدىن.
ئۆزنى خۇش تۇتكى تا بار ئىمكانىڭ،
جىسمىڭ ئىچرە ھەيات ئېرۇر جانىڭ.
قىلدى مۇنداغ نەسىھەتى بىسيار،
ماتەمىم دەفئىغە بولۇپ دىلدار.
ئاڭلاغاچ خۇش كېلىپ بۇ قىلىۇ قال،
قويدى يۈز شادلىق چۇ كەتتى مەلال.
چىقتىم ئۆيدىنكى بۇ فەسانە بىلە،
باشلادىم ئەيش كۆپ تەرانە بىلە.
سۇبھۇ شام ئەيشغە بولۇپ تالىب،
تەبئىم ئولدىكى لەھۋەغە راغىب.
كەچتى ئەۋقات كۆپ غۇرۇر بىلە،
مەئسىيەتدە يۈرۈپ فۇجۇر بىلە.
بىر دەمى ھۇش تاپمايىن مەيدىن،
بىخەبەر خانۇمان ئىلە ھەيدىن.
جەھلۇ غەفلەت مەيىغە ئاغۇشتە،
مەستلەر بىرلە بولدۇم ئالۇفتە.
قايداكىم سىيم تەن، پەرى رۇخسار،
غۇنچە لەب، سەرۋى قەددى خۇش رەفتار؛
نازەنىن دىلرەباۋۇ دىلكەشلەر،
گۈل جەبىن، خۇش كەلامۇ مەھۋەشلەر؛
مۇترىبان نەغمەساز ئېتىپ ئاھەڭ،
بادەدىن تاپتى شوخلار يۈزى رەڭ.
قايدا بوستانۇ باغۇ گۈلشەن ئىدى،
بەزمىمىز شەمئى ئاندا رەۋشەن ئىدى.
ئۆيلەئى بىباك يارى ناقابىل،
يۈردۇم ئۈشبۇ تەرىقەدە ئۈچ يىل.
مۇددەتى ئۈچ يىل ئىچرە كەچتى چۇ ھال،
تا قالىپدۇركى مۇنچە مۈلك ئىلە مال.
زەرۇ سىيمۇ مەتائى فاخىر ھەمە،
بولمىش ئىسرافۇ نەقدى ئاخىر ھەمە.
ئانچە مىراس بار ئىدى باقىي،
قىلدى بەرباد ۋاژگۇن تاقىي.
ئۈشبۇ يۈزى قارالار شەرمەندە،
بولدىلار ھەر تەرەف پەراكەندە.
تا قالىپدۇر باشىمدا كوھنە كۇلاھ،
ئىگنىمە بىر چۇبۇق فەلاسى سىياھ.
قالدىم ئۈچ كۈنغە ئاچۇ ھەيرەتدە،
دوستۇ دۇشمەن ئارا خىجالەتدە.
مەسجىدى ئىچرە زار كۈنجىدە،
ياتتىم ئۈچ كۈن كەمالى رەنجىدە.
تۈشتى تۆرتۈنچى كۈن ئىچىمگە شىتاب،
قالمادى سەبرە، ئاچلىق ئەتتى خەراب.
ئويۇنۇ كۈلكۈ ئىلە چاغىمدا ھەم،
يوقلايۇر ئېردى دائىم ھەمشىرەم.
سۆزىنى ئاڭلاماس ئىدىم ھېچ بىر،
يادىمە يەتمەس ئېردىلەر ھەم بىر.
سەبرە ـ تاقەتدىن ئەيلەدىم قاراۋۇل،
سالدى ئاچلىق سىپەھلەرى چاپاۋۇل.
لاجەرەم چىقتىم ئولكى مەسجىددىن،
سورماغاي كىمسە ھالى تەجرىددىن.
قىلدىم ئەندىشەئى: نە يەرگە باراي،
بۇ سىياق ئىلە ئەمدى كىمنى سوراي.
قىلۇر ئېردىمكى ھەر تەرەفنى خەيال،
يەتتى ھەمشىرەم يادىمە فىلھال.
يۈزلەنىپ قويدۇم ئول سارىغە قەدەم،
ئايلانىپ باشىم، ئولتۇرۇپ بىر دەم.
يانە قويدۇم قەدەم بولۇپ سايەر،
يەتتىم، ئېرسە خەبەر تاپىپ خاھەر.
چۈن ئىشىك ئاچتىيۇ مېنى كۆردى،
ۋاي، دەپ باشىم ئۈزرە چەرخ ئۇردى.
قويۇپ ئول ھالدا يۈزۈمگە يۈزىن،
يىغلادى سۈرتۇبان كۆزۈمگە كۆزىن.

تۇتتى ئىلكىمنى، باشلادى ئۆيگە،
سالدى قالىچە ئۆيىنىڭ تۆرىگە.
دەفئە ـ دەفئە تەئام كەلتۈردى،
تۈرفە ـ تۈرفە لىباس كىيدۈردى.
ماڭا ھەمشىرەم جايى بولدى مەقام،
نەچچە ۋەقت ئاندا ئالمىشام ئارام.
بىر كۈن ئايدىكى: ئەي قارىنداشىم،
تۈرفە غەم كۈنلەرىدە مۇڭداشىم.
ئەي ئاتام يادگارى، دىلدارى،
كۆڭلىمنىڭ خۇشلۇغى ئىدىڭ بار.
دەھرى بىدادۇ چەرخى كەج رەفتار،
ھەر نېچە مۇئتەبەرنى ئەيلەر خار.
كىمگە ئۇشبۇ فەلەك ۋەفا قىلدى،
بىل ۋەفاسىن ئانىڭ جەفا قىلدى.
قىلمە دۇنيا غەمىدىن ئەندىشە،
ئەيلەمە دىلنى غۇسسەدىن رىشە.
كەتسە قولدىن مەتائى دۇنيەۋى پات
قولغە كەلگەي ئەگەرچە بولسە ھەيات.
ئادەمىيغە ھەياتلىغ ئەفزەل،
ھەرنىچە مۇشكىل ئولسە، ئولغاي ھەل.
نەچچە ۋەقت ئولسە، ئەي ئەزىز جانىم،
بولساڭ ھەر كۈن ئۆيۈمدە مېھمانىم.
ماڭا كۆپ فەخر ئېرۇر مۇباھۇ شەرەف،
خىزمەتىڭدە ھەياتىم ئولسە تەلەف.
لېك ئەرەنلەرگە ئاردۇر تۇرماق،
يۇرمەيىن بىر يەرىدە ئولتۇرماق.
نەۋجەۋانسەنۇ دەقىق نەزەر،
قىلغاسەن بەسكى ئىختىيارى سەفەر.
چۈن ئىشتتىمكى، بىر نەچە تۇججار
شام سەۋادىغە قىلىۇر رەفتار.
بۇ تەفەككۇرنى كۆڭلۈم ئەيلەدى جەزم،
سەن ھەم ئەتسەڭ بۇ كارۋان بىلە ئەزم.
شايەد ئۇشبۇ سەفەردىن ئالساڭ نەفئ،
غەم غۇبارى كۆڭۈلدىن ئولغاي رەفئ.
خەلق ئارا ئىئتىبار بولغايسەن،
لايىقى روزگار تاپغايسەن.
ئولكى كەززاب رەفىقلەرىڭمۇ ھەم،
كۆڭۈل ئۆزگەي ئۇلار سېنىڭدىن ھەم.
كەتسۇن ئول، ئۆز مەكانىغە بارسۇن،
يانە سەندەك بىر سادەنى تاپسۇن.
ئۇشبۇ سۆزنى ماڭا دېدى قويدى،
قوپتى ھەمشىرەم ئۆيگە كىردى.
سائەتىدىن كېيىن يانا چىقدى
بىر نېمە كۆتۈرۈپ ئالىپ چىقدى.
قويدى ئالدىمدا تۆرت مىڭ تىللاھ،
دېدى: بەرسۇن مۇرادىڭا ئەللاھ.
بەردىمۇ مۇنى مەن تەخى ئاز ھەم،
ئەي بەرادەر، سەن رازى بولغىل ھەم.
بۇكى تىللانى ئەمدى ئالغىل سەن،
تۇرماغىل، قوپ، خەرىدى قىلغىل سەن.
دېدى ھەمشىرەم ئۇشبۇ سۆزلەرنى،
خۇش بولۇپ ئالدىم ئۇشبۇ تىللارنى.
چىقتىم ئۆيدىن، بازارىغە باردىم،
شامغە لايىق مەتائلار ئالدىم.
مالنى تاڭدىم بارىنى خەتلەپ،
بەردىم ئاتچىغە مالنى يۈكلەپ.
چۈن كىراكەشنى شامغە ماڭدۇردۇم،
ئول كۈن ھەمشىرەم ئۆيىدە تۇردۇم.
ئەرتەسى چاشتگا بولۇپ ئېردى،
مەركەبى راھۇر ئالىپ بەردى.
خاھەرىم بىرلە خوشلاشىپ يۇردۇم،
كارۋانغە ئۆزۈمنى يەتكۈردۈم.
كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈپ مەنازىللار،
قەتئ ئېتىپ ۋادەئى مەراھىللار.
چۈن يېتىپمىزكى شام سەرھەدىغە،
كىردى كۈن قەلئەئى زەبەرجەدىغە.
كىيدى ئەنجۇم سىپاھى خىلئەتى شام،
شەمئەلەردىن كۆرۈندى قەلئەئى شام.
يۈردۇك ئول كېچە ئىزتىراب بىلە،
ئانچە مەركەب سۈرۈپ شىتاب بىلە.
يەتتۇك ئول قەلئەغە يارىم تۈندە،
يوق تەفاۋۇت بۇ تۈن بىلە كۈندە.
كۆردۇك ئول قەلئەبەندە دەرۋازە،
ھەر تەرەف ۋاقىف ئولغىل ئاۋازە.

تۇشتۇك ئېرسە كەنارى خەندەكغە،
ئۆزنى تاشلاپ خۇدايى بەرھەقغە.
ئايغە ئۇن تۆرت ئىدى بۇ كۈنلەردە،
رەۋشەن ئەيلەپ قەمەر جەمالىدە.
ياتتىم ئېرسە باشىم قويۇپ يەرگە،
كەلمەدى ھېچ ئۇيقۇلار كۆزگە.
قوپتۇم ئورنۇمدىن ئابدەستى قىلىپ،
ئۇشبۇ دەم دو رەكئەت نەمازى قىلىپ.
يانىمە باقسام ھەممە ئۇيقۇسىدا،
قوپتۇمۇ يۇردۇم قەلئە گىردىدا.
سىفىل ئۈزرە نەزەر قىلىپ ناگاھ،
تۇرادۇر بىر كىمەرسەئى ئاگاھ.
تاشلادى ساندۇقىن سىفىلدىن ھەم،
تۇشتى، كەتتى سىفىلدىن غايىب ھەم.
قىلدىم ئەندىشە: نەقب زەن بولغاي،
دوز خەيلىغە ئۇشبۇ فەن بولغاي.
قىلدى كىمنىڭ خەزىنەسىن تاراج،
بولغاي ئاندىن بۇ ساندۇقى ئىخراج.
كەتتى داغى ماڭا بۇ فىكرۇ خەيال،
يانە كەلتۇرگەي ئول تۇلاراق مال.
سائەتى توختادىم تەۋەككۇل ئىلە،
كەلمەدى يانە ئول، تەھەممۇل ئىلە:
ماڭا شايەد خۇدايى ئەززۇ ۋە جەل
بەردى بولغاي نەسىبەئى بۇ مەھەل.
ئايدىم: ئىچىدە پۇر ئېرۇر دىنار،
يا مەتائى تەفاخۇرى بىسيار.
ئۇشبۇ ساندۇقنى ئالدىمۇ ياندىم،
يۈكلەدىم ئاتغە، بىر تەرەف ماڭدىم.
ئول ياۋۇقدا بار ئېرىد ۋەيرانە،
چۇغزلارغە ئول ئىردى كاشانە.
ساندۇق ئاغزىن ئاچىپكى نەززارە
باقسام، ئاندا ياتۇركى رۇخسارە.
سەرۋى قەد، گۇل جەمالۇ غۇنچە دەھان،
نازەنىن سەنەمىكى ئافەتى جان.
ساندۇق ئىچرە ياتۇركى سىيم تەنى،
تۇرفە مەجرۇھ نازەنىن بەدەنى.
سارغارىپ ئەرغەۋانى رەئناسى،
قانغە ئاغۇشتە بارچە ئەئزاسى.
بولمىش ئول نازەنىن چۇنانى زەئىف،
كەلمەي ئاندىن نەفەس كەمالى نەھىف.
نەرگىسىنى يۇمۇپ گۇلىستاندىن،
يوقكى ئۇممىدى جىسم ئىلە جاندىن
كۆپ تەفەھھۇس قىلىپ، خەبەر تاپتىم،
نىم نەفەس بۇيىدىن ئەسەر تاپتىم.
بارغا ئوخشايدۇر ھەياتى ئانىڭ،
تىلغە كەلمەيدۇر سىفاتى ئانىڭ.
كورگەچ ئانى قەرارسىز بولدۇم،
ئىشقىدا ئىختىيارسىز بولدۇم.
ئاشىق ئولدۇم جەمالى رەئناغە،
سەرۋى قەددى كەمالى زىبباغە.
ئاڭلاڭىز ھالەتىمنى، دەرۋىشان،
جانۇ دىل بولدى زارۇ سەرگەردان.
كاشكى مۇندا كەلمەگەي ئېردىم
جانغە ئافەتنى كۆرمەگەت ئېردىم.
ماڭا تەقدىرى خالىقى جەببار،
بولمىشام بىر پەرىنىڭ ئىشقىد زار.
باۋۇجۇدىكى جايى ۋاھىمەدە،
كۆز يۇزىگە باقىپ مۇتالىئەدە.
دانەئى دام سارى كەتتى دىل،
كارى دىل مۇشكىل ئولدى، ۋەھ، مۇشكىل.
مۇتەھەييىرمەن ئۇشبۇ ۋەيراندا،
مۇتەفەككىر قالىپ شەبىستاندا:
قايسى بىر زالىمى جەفا پىشە،
ئۇيلە خۇنخارۇ زۇلم ئەندىشە؛
بۇ سىفەت نازەنىنغە قىلماي رەھىم،
نې جىھەتدىن قىلۇر بۇ ياڭلىغ زەخم.
قورقماي غەزەبى ئىلاھىيدىن،
قىلماي ئەندىشە ھەشرەگاھىدىن؛
تىخ ئۇرۇپ سەرۋىدەك نىھالىغە،
باقمايىن گۇل كەبى جەمالىغە؛
تۇرفە تاشى جەفانى ئاتىپدۇر،
ئۇمرىنىڭ نەخلىنى ئۇشاتىپدۇر.
ئانىڭ ئەھۋالىغە قىلىپ ھەيرەت،
يىغلادىم يۇز تۇمەن چېكىپ ھەسرەت.

يەتكەچ ئۇل دەم قۇلاغىغە بۇ خۇرۇش،
تاتمش ئۇل دىلرەبا دىماغى ھۇش.
نالە ھەزىن ئىلە چېكىپ ئاۋاز،
دېدى: ئەي نامۇۋافىقۇ ناساز.
ئەي جەفا پىشەۋۇ سىتەمكارى،
سەندىن ئۇلغاي خۇدايى بىزارى.
بۇ جەزاسىمۇدۇر يېگەن نانىڭ،
كۆرگەن ئىنئام بىرلە ئېھسانىڭ.
ياخشىلىقنى ئۇنۇتتۇڭ، ئەي نادان،
ساڭا ھەم بار خۇدايى كەۋنى مەكان.
غۇنچە لەئلى چېكىپ بۇ شىرىن سۆز،
كەتتى داغى ئۆزىدىن ئۇل دىلسوز.
كۆزلەرىم تۆكتى ئەشك، يىغلاپ قان،
ئايدىم: ئەي جان، فىدا ساڭا يۈز جان.
مەن ئەمەستۇرمەن ئۇل دىل ئازارى،
بىتەرەھھۇم دىلى تەبەھ كارى.
بۇ شەھەرغە ياڭى كېلىپدۇرمەن،
ھەم مۇسافىرمەنۇ غەرىبدۇرمەن.
كاشكى بولغاي ئېردى كۆزلەر كور.
كۆرمەگەي ئېردى ھەم بۇ ياڭلىغ شور.
ئۇل سەنەم ئاڭلادى بۇ ئاۋازىم،
شۇئلەلىغ ئاھۇ دەردلىك زارىم.
دېدى: سەن كىم غەرىبۇ سەرگەردان،
نې سەبەبدىن بولۇرسەنۇ گىريان.
ئايدىم: ئەي نازەنىنى گۇل رۇخسار،
جانغە سانچىلدى گۇل يۈزۈڭدىن خار.
دىيدە ئاچ، ئاڭلا رازى پىنھانىم،
مۇبتەلا بولدى ناتەۋان جانىم.
چۇن يەمەن شەھرىدىن كېلىپ ئاخشام،
بولدۇم ئۇشبۇ مەھەلدە داخىلى شام.
قىلسە گەردۇن نۇجۇمى ئەشكىنى فاش،
تالڭ ئەمەس شام ئىچرە كىرسە قۇياش.
سەن دېگىل، قايسى باغنىڭ گۇلسەن،
قايسى گۇلنىڭ شىكەستە بۇلبۇلسەن؟
قايسى بىر ئەنجۇمەن چەراغى ئىدىڭ،
قايسى كۆز دىيدەئى قاراغى ئىدىڭ؟
دىيدەئى نىم نىگاھ ئىلە ئۇل ماھ،
چەكتى جان جىگەرىدىن ئوتلۇغ ئاھ:
نېچۈك ئايتاي ساڭا بۇ دەردىمنى،
كۆر بۇ زەخم ئىلە رويى زەردىمنى.
مەنۇ دەرماندەدىنكى سورما سۇئال،
يەتكۇرۇپدۇر قەزا بۇ يەڭلىغ ھال.
چۇن كۆرۇرسەن مېنى ھەلاك ئىچرە،
دەفن قىل گۇشەئىدە خاك ئىچرە.
خىزمەتى بىدەرىغ قىل زىنھار،
دېمەگىل ھېچكىمگە بۇ ئەسرار.
يۇمدى كۆزىن يەنە بولۇپ بىھۇش،
غۇنچەدەك ئاغزىن ئەيلەدى خامۇش.
تۇشتى كۆڭلۇمگە يۈز پەرشانلىغ،
ۋەھمى ئاشۇب بىرلە ھەيرانلىغ.
ئەقلىم ئەيلەپ قاچارنى ئەندىشە،
ئىشقىم ئەيلەپ سەباتىنى پىشە.
تاكى ئايدىم ئۆزۈمگە: ئەي نامەرد،
ئاشىق ئۇلساڭ، بو يولدا چەككىل دەرد.
بەرمەسەڭ تا بۇ ئىش يولىدا باش،
كەلمەگەي ئېردىڭۇ جەھانغە كاش.
كىم بۇ يولدا ئەمەس سەباتى قەدەم،
دەفتەرى ئىشق ئارا پۇتۇلمەس ھەم.
ئىشق سۇلتانى غارەت ئەيلەپ ئىدى،
كۆڭلۇم ئىچرە ئىمارەت ئەيلەپ ئىدى.
تاپتى رايىم ئاڭا قەرار ئاخىر،
شەھرغە كىرمەكنى ئىختىيار ئاخىر.
كۇشىش ئەيلەي ئانىڭ ئىلاجىغە،
سەرف ئېتەي نەقدىم ئېھتىياجىغە.
بولسا شايەد سىھھەت تاپىپ ئارام،
ھاسىل ئۇشبۇ مۇراد بەس ماڭا كام.
تاڭمۇ يارۇدى، سۇبھ ساچتى سۇھەيل،
ئەيلەمەك بولدى شام شەھرىگە مەيل.
ئاتغە ساندۇقنى يۈكلەدىم، يۈردۇم،
شەھر ئىچىگە ئۆزۈمنى يەتكۇردۇم.
بىلمەگەيمەن قايان بارۇرنى، ئاھ،
سەيرى بازارۇ ئوڭ تەرەا بىر راھ.
ئاندا بىر كارۋان سارايىدۇر،
كۆردۇم ئۇل جايىكىم نەمايىدۇر.

دەرمەھەل ئۇل سەرايىغا تۈشتۈم،
ھەم سارايبان بىرلە تانۇشتۇم.
ھۇجرەئى ئالدىم ئۇل سەراي ئىچرە،
كىرگۈزۈپ ساندۇقۇمنى ئۆي ئىچرە.
ئېھتىياتى تەمام بىلە ئالدىم،
بىستەرۇ بالىن ئۈستىگە سالدىم.
تاپتىم ئاندىن نىشانەئى جۇزئى،
زاھىر ئولدى ھەياتىدىن ئەسەرى.
كارۋان مېنى ئىزدەپ تاپماپدۇر،
نائىلاج مالنى ئاتغە يۈكلەيدۇر.
كارۋانمۇ تەمام كەلدىلەر،
ساراي ئىچرە مالنى تۈشۈردىلەر.
ئايرىلىپ كىرگەنىمدىن قىلدى سۆز،
ھەر بىرىكە جەۋاب بېرىپ بىر ئۆز.
ھۇجرەدىن چىقتىم، ئىشكىنى ئەتتىم،
ئاڭا جەرراھ ئىستەيۇ كەتتىم.
يۈگۈرۈر ئېردىم ھەر تەرەفنى زار،
ئىزتىراب ئىلە ئاختارىپ بازار.
يەتتىم ئۇل جايىكىم نىشانە ئىدى،
ئاندا جەرراھ تەبىب دۇكانى ئىدى.
ئۇل تەبىبغە سەلام قىلىپ باردىم،
يىغلاپ ئالىلىدا ئانچە يالباردىم.
ئايدى جەرراھ: خىزمەتىڭ نېدۇر،
بىزگە ئايغىل، ھاجەتىڭ نېدۇر؟
ئايدىم: ئۆيۈمدە باركى بىمارىم،
بولساڭىز ھەم بولۇپ مەدەدگارىم.
زەئىفىدىن كەلتۈرەلمەدىم ئانى،
مۇندا كەلگۈنچە يوقتۇر ئىمكانى،
گەر قەدەم رەنج قىلساڭىز، ئەي يار،
بەرگەمەن پايى مۇزدىڭىز بىسيار.
كەلدى جەرراھ ھۇجرەغە ھەمراھ،
كۆردى مەجرۇھ نازەنىن دىلخاھ.
بارى ئانىڭ جەراھەتىن كۆردى،
ماڭا باقىپ يۈزۈمگە كاج ئۈردى.
تانۇدى دەپ گۇمان قىلىپ ئاندىن،
قىلدىم ئەندىشە يۈپ ئىلىك جاندىن.
ئايدى: ئەي تۈرۈفە تاش باغىر نامەرد،
نېگە سالدىڭ مۇڭا بۇ ياڭلىغ دەرد؟
ئاياغىغە تۈشۈپ، قولىنى سۆيۈپ،
گاھ سۈرتۈپ يۈزىن ئاياغىن ئۆپۈپ.
ئايدىم: ئەي ھاكىمى مەسىھى قەدەم،
بولغاي ئۈشبۇ زەئىفە ھەمشىرەم.
بىز يەمەندىن چىقىپ ئاتاۋۇ ئانام،
ئىگەچىيۇ سىڭىل، ئىنىيۇ ئاغام.
كېلۇر ئېردۇك ھەرەمغە يەتمەككە،
كەئبەتۇللاھ زىيارەت ئەتمەككە.
يولدا بىر ۋادىئى شەھرغە يەقىن،
قىلمىش ئاندا نەچە قاراقچى كەمىن.
كېچە تۈن يارىمىدا شەبىخۇن ئۇرۇپ،
بىز غەرىبلەرغە زۇلم تىغىن ئۇرۇپ.
ئانچە كۆرسەتتىلەر دىلاۋەرلىك،
بىز قىلالماي ئاڭا بەرابەرلىك.
ئاتغە بىر تازيانەئى سالدىم،
قاچتىم، ئۆزنى كەنارەغە ئالدىم.
ۋەقتى سۇبھ ئولدىكىم، ھەرامىيلار،
كەتتى، چۈن بارچە بەدمەقامىيلار.
كەلدىم ئاندا ياتۇر ھەمە مەجرۇھ،
بارچە مەجرۇھكىم ئېرۇر بىرۇھ.
كۆردۈم ئۇل قافىلە ياتۇر كۈشتە،
ۋەھ، بولۇپ خاكۇ خۇنغە ئاغۇشتە.
چۈن ئۇلار ئىچرە نالەئىكى ھەزىن،
ئاڭلابان باردىم ئۇل قاشىغە يەقىن.
ياتادۇر ئۈشبۇ خاھەرىم نىمجان،
تانۇدۇم، باغرىم ئولدى، ۋەھ، بىريان.
يۈلەپ ئالدىم باشىن قۇچاغىمغە،
لەرزەلەر تۈشتى باش – ئاياغىمغە.
سائەتىدىن كېيىن كۆزىن ئاچتى،
ناتۇدى مېنى، ئەشكلەر ساچتى.
ئادىكىم: ۋەقتى رەھمۇ شەفقەتدۇر،
ھالەتىكىم ۋەفا مۇرۇۋۋەتدۇر.
دېدى بۇ سۆزنى بولدىيۇ خامۇش،
باردى ئۆزدىن يەنە بولۇپ بىھۇش.
بار ئۆلۈكلەر ئارا بۇ نىمجانى،
كۆز يۇمۇپ تاشلايالمادىم ئانى

ساندۇق ئىچرە سالىپ ئانى يۇردۇم،
سۇبھى دەم بۇ شەھەرغە كەلتۇردۇم.
قىلساڭىز گەر تەۋەججۇھى خاتىر،
بولساڭىز ئىلاجىغە ماھىر.
گەر سەھەت تاپسە بۇ زەئىفەئى زار.
مۇددەئاڭىز نېدۇر، قىلاي تەييار.
كۆردى جەرراھى مەردى بىكىنە،
ۋەئدە كۆپ بارۇ يوقكى نەقدىنە.
ئايدى: ھەركىم ئىلاجىغە قول ئۇزاتۇر،
خۇنى ناھەق بولۇشغە زامىن ئولۇر.
قوپتى، ئويدىن چىقىپكى بولدى رەۋان،
قالدىم ھەيرەت يەرىدە مەن ھەيران.
ئۆتتى سائەت، دېدىم يەنە بارايىن،
يىغلاپ ئاللىدا تولا يالبارايىن.
شايەد ئانىڭ تەرەھھۇمى كەلگەي،
زەخمى كارىغە مەرھەمى كەلگەي.
چىقىشىم كارۋان سارايدىن ھەمان
يەتتى ئاۋازى كىرايى كەشان.
كىم بۇ جەمئ ئىچرە ئىلگەرى كەلدى،
مېنىڭ ئەۋۋەل كىراكەشىم كەلدى.
ۋەقتىكىم دىلغە شادلىق يەتمەي،
ھېچ ئىشكدىن كۇشادلىق يەتمەي.
ئەينى مەئيۇسۇ غەملىك ھالەتدە،
يۈز تۇمەن ۋەھم ئىلە خىجالەتدە.
فەيزى قۇدسى ئىلاھىي قىلدى زۇھۇر،
تاپتى مەھزۇن دىلىم نەسىمى سۇرۇر.
چۇن مەتائىمنى ھۇجرەغە سالدىم،
شادۇ خۇررەم دەرەك خەتىن ئالدىم.
يانە باردىم تەبىب دۇكانىغە،
بارىپ ئايدىمكى كاردانىغە:
ئەي مۇبارەك قەدەم، ھەكىمى زەمان،
كەلدى مالۇ يۈكۈم چىقىشىڭ ھەمان.
فۇتمەسەڭ بارغىلۇ مېنىڭ بىرلە،
كۆرگىل ئاچىپ مالىمنى خەت بىلەر.
پۇتادى قاسىم ھەي بۇ قافىيەنى،
توشقازۇپ خەت بىلەبۇ كەم يەرىنى.
كەلدىم ئالىپ دەرەك خەتىمنى ساڭا،
شەرت بۇدۇركى شەفقەت ئەيلە ماڭا.
دەرمەھەل بارساڭىز بولۇپ يارىم،
ئۆيدە دەرماندەدۇركى بىمارىم.
سەھەتىغە سەن بارىپ ئىلاجى قىل،
قانچە تىللا خىراج قىلساڭ قىل.
كەلدىيۇ ھەمراھ، ھۇجرەغە كىردى،
ئول مەتائىكى نەقدىنى كۆردى.
بىر قازان سۇنى ئىسسىتىپ فىلھال،
قانلىغ ئۇزۇۋنى ئەيلەدى پامال.
تىغ كەسكەن جەراھەتىغە ھەم،
دارۇ سالدى داغى ياقىپ مەرھەم.
لەتتەئىكىم ھەرىر ئىلە باغلاپ،
قىلدى ھىكمەت جەراھەتىن چاغلاپ.
ئايدى: مەن بىر ـ ئىكى قاتار ھەركۇن
كېلەيىن مۇندا دارۇ سالماق ئۇچۇن.
سەنمۇ ھەم ۋەقتى ھازىر ئولغايسەن،
سۇبۇ شام ئاڭا نازىر ئولغايسەن.
قىلماغاي بەلكى ئول قاتىغ ھەرەكەت،
تامۇزۇ ھەلقۇمىغە بۇ شەربەت.
ھەق تەئالا ئاڭا شىفا بەرگەي،
شايەد ئول دەردىگە دەۋا بەرگەي.
فەقىر ئول خىزمەت ئىچرە سۇبھۇ شام،
ئەيلەدىم ئۇيقۇنى كۆزۈمگە ھەرام.
باغلادىم بەلگە قۇرى ھىممەتنى،
ئاقىزىپ كۆزدىن ئەشكى ھەسرەتنى
ئولتۇرۇپ بالىن ئۇستىدە ۋالە،
كېچە ـ كۇندۇز قىلۇر ئىدىم نالە.
سىھھەتىنى تىلەر ئىدىم ھەقدىن،
ئول جەنابى ھەكىمى مۇتلەقدىن.
قىرق كۇن ئۆتتى بۇ مەنال بىلە،
كىردى ھەممام ئارا بۇ ھال بىلە.
ئول جەراھەتكى، زەخمى ئىشراقى،
قالمادى زەررە ئۇزۇۋدە باقى.
كەلدۇك ھەممامدىن بولۇپ فارىغ،
كۆتەرىلدى جەمالىدىن سارىغ.
سەھتى كامىل ئولدىكىم ھاسىل،
بولدى مەقسەد مۇرادغە ۋاسىل.

تاڭلاسى ئايدى: ئەي غەرىب تەلەب،
دېدى: بولدۇڭ تىرىكلىكمگە سەبەب.
ئەمدى كەلتۈر ماڭا تەئامى لەتىف،
چۈن لەزىزراق كېرەك غىزايى نەھىف.
ئاڭلا، دەرۋىشلەر، ماڭا بىر ھال
يۈزلەنىپ، قالمادى تېنىمدە مەجال.
كىمسەنىكىم بۇ چەرخ قىلدى زەبۇن،
سالماغاي باشىغە بۇ ياڭلىغ كۈن.
ئاززۇم بار ئىدىكى قەترەئى سۇ،
تىلەپ ئاغزى تەكەللۇم ئەيلەرمۇ؟
بۇ مۇرادىم مۇيەسسەر ئولماس ئىدى،
شۈكرى لىللاھ، تەئام ھەم تىلەدى.
ئەمدى يوق مەندە قۇۋۋەتۇ ئىمكان،
بىدەۋا بولدۇم، ئول تاپىپ دەرمان.
ھەرنە بار ئېردىكىم، مەتائۇ دەرەم
بولۇپ ئېردى تەمامى سەرفى سەنەم.
باش قويى سالدىمۇ خجالەتدىن،
بىلدى خەرجىم يوقىن فەراسەتدىن.
دېدىكىم: ئەي ئەزىزى كۆلفەتدە،
نې ئۈچۈن بولدىڭىز بۇ دەم غەمدە؟
سەرف قىلدىڭ ماڭا خىراجىڭنى،
سەن خجالەت، بىلۈرمەن ھالىڭنى.
كەلتۈرۈڭ كاغەزۇ دۇۋاتۇ قەلەم،
قىلدىم ھازىر، نىگار قىلدى رەقەم.
پىتىدى رۇقئەئى ماڭا بەردى،
دېدى: بار چارسۇغە، ئەي مەردى.
بار جەۋاھىر فۇرۇش دۇككانى،
ئاندا بىر ئاق ساقالى نۇرانى.
ئاڭا بەرگىل بۇ رۇقئەئى مۇشكىن،
قىلدى نەچچە نىشانەلەر تەئيىن.
بولسا ئاندىن ساڭا نېكىم ھاسىل،
يەتكۈر ئانى ماڭا، قىلىپ تەئجىل.
خەتنى ئالدىم مەنۇ خجالەتدىن،
ئۇقۇمايدۇر [مەن] ئەينى شىددەتدىن.
باردىم ئاندا دۇكاننى كۆردۈم،
رۇقئەنى ئاق ساقالغە تاپشۇردۇم.
بابا خەتنى مۇتالەئە قىلدى،
كۆپ تەفەھھۇس مۇلاھەزە قىلدى.
رۇقئەنى ئۆپتى، سۈردى يۈز - كۆزىگە،
كەتتى ھۇشىدىن، يانا كېلىپ ئۆزىگە.
دۇكانىدىن تۇشۇپ شىتاب بىلە،
ئۈيىگە يۈردى ئىزتىراب بىلە.
ماڭا كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى،
تۇتتى قولۇمدىن، ئۈيىگە يەتتى.
مېنى باشلاپ ئىمارەت ئالىيغە،
كەتتىيۇ مېنى قويدى خالىيغە.
سائەتىدىن كېيىن يانا كەلدى،
كۆتۈرۈپ بىر نېمە ئالىپ كەلدى.
چىرلادى بىر غۇلامنى فىلھال؛
تەبەقىكىم، مۇنى كۆتۈرۈپ ئال.
ئىچىدە زەرنى ئەيلەگەن پىنھان،
ئۈستىدە زەربافتۇ دەستۇرخان.
چۈن كۆتەرتىپ ئانى غۇلامىغە،
دېدى: بار بۇ ئەزىز مەقامىغە.
بىللە ھەمراھلىغ قىلىپ بارغىل،
قايدا ئەمر ئەيلەسە، قويۇپ يانغىل.
خۇبلاشىپ يۈردۇكۇ غۇلام بىرلە،
بارۇر ئېردىم يول ئۆزرەغەم بىلەر.
ئۆزۈمە ئايدىم: ئەي زەبۇن تالىئ،
ئاقىبەت بولدى ئەمگەكىڭ زايىئ.
لۇقمەئى ئاش ئۈچۈن بېرىپ جانىڭ،
ئەيلەدىڭ فاش سىررى پىنھانىڭ.
بولدى گويا تىلىم بۇ مەزمۇنغە،
شىكوۋەئى چەرخۇ نەقسى گەردۇنغە.
ئەي فەلەك، مېنى ئەيلەدىڭ ھەيران،
بۇ غەرىبلىق يولىدە سەرگەردان.
گاھى باشىمغە ژالە ياغدۇردۇڭ،
زۇلم تىغىنى كۆكسۇمە ئۇردۇڭ.
سۇبھىڭ ئەۋۋەلدە كۆرگۈزۈپسەن مىھر،
شامىڭ ئاخىردا تۇتمىش ئانداغ زەھر.
دەھرى دۇن خەسمى روزگار ئاخىر،
ئەيلەدىڭ تۇرفە كارزار ئاخىر.
تۇرفە ۋەھشەت تۇشۇپ ئەجىب ھالەت،
ئۆرتەدى دىلنى شۇئلەئى غۇربەت.

كەلدۇق ئۇل كارۋان سەرايىغە،
مەن دېدىم: «قوي مۇنى» غولامىغە.
قويدى كەتتى غۇلام دەستۇرخان،
قەھر بىلە كۆتەردىم ئانى گەران.
چۇن ئالىپ كىردىم ھۇجرەغە ئانى،
كۆردۈم ئۇل نازەنىنى رەئنانى.
ئالدىدا قويدۇم ئۇل تەبەقنى مەن،
تۇردۇم ئالدىدا زارۇ ھەريان مەن.
ئاچغىلۇ سىرفۇشىن تەبەقنىڭ سەن،
نېمە بەردى ئىكىن، كۆرەيىن مەن.
بەردى بولغاي نېمە بۇ مەككارە،
بەرمەكىگە يوق ئېردىلەر چارە.
كۆكلۈمە يەتكۇرۇپ دېدىم: ئايا،
قايسى پاشا قىزىن ئىكەن، ئايا.
ماڭا بەردى خۇدايى بىتىمىسال،
نازەنىن بىرلە بەردى مۇنچە مال.
ئەۋۋەلى ئىبتىدادا بەرگەن ئۇل،
بۇ غەرىبلىقدا خار قىلماس ئۇل.
كۆرگەچ ئانى ئەقىدەم ئولدى زىياد،
سەرۋى ناز ئايدى: ئەي ئەزىزى مۇراد.
قىلدى ئۇل نازەنىن تەئام ئىزھار،
دەر مەھەل باردىمۇ قىلىپ تەييار.
قىلدىلار كىم تەناۋۇل ئۇل بارى،
بولدى فارىغ تەئامدىن يارى.
ئايدىكىم: ئەي غەرىب، ئېيسەڭ ئاشىق.
بولساڭ ئىشقىمدا لايىقۇ سادىق.
ئال دەرەمنى بازارغە بارغىل،
ماڭا لايىق لىباس سەن ئالغىل.
فاخىرىكىم، مەتائىدۇر قىيمەت،
قىل خەرىدى ئۆزۈڭ ئۈچۈن خىلئەت.
سائەت ئەندەك تەئەممۇلى قىلدىم،
بىر زەمانى تەھەممۇلى قىلدىم.
ئايدى: ئەھدىڭغە بار قۇسۇرى ۋەفا،
قىلغۇڭ ئەمرىم ئىشىدا نۇقسۇ خەتا.
قىلدىم ئەمرىغە بەندەلىغ ئىزھار،
مەيل قىلدىمكى جانىبى بازار.
ئىككى دەستە لىباس كەلتۈردۈم،
نازەنىن خىزمەتىغە يەتكۈردۈم.
نەزەرى خالاغاننى ئالدۇردى،
قالغانىن ئىگەسىگە ياندۇردى.
باردىم ھەممامغە ئالىپ رۇخسەت،
كەلدىم ئاندىن كىيىپ ياخشى خىلئەت.
كۆلۈپ ئۇل ماھ بەغەلىنى ئاچتى،
مېنى تارتىپ كەنارەغە قۇچتى.
جاي بەردى غەرىبغە ياندا،
مەزھەرى ئۇمرى جاۋىدانىدا.
يىغلادىم ئەسرۇ شەۋق ئولۇپ ئەفزۇن،
غەرقى ۋەسل ئولدى بۇ دىلى مەھزۇن.
لەززەتى زىندەگىينى، دەرۋىشان،
ئۇشبۇ بىر سائەت ئىچرە كۆردۈم ھەمان.
يانە ئايدىكى: ئەي غەرىبى زار،
بارغىلۇ قەھۋەخانەغە، مىئمار،
جۇملەئى مىئمار بىلە سۆھبەت تۈز،
بىرنەچە كۈن مۇساھەبەت كۆرگۈز.
بول تەلەبكارىئى ئىمارەتكە،
جەھد قىلغىل بۇ ئىستىقامەتكە.
قايدا كۆرسەڭ ئىمارەتى ئالىي،
شەكل يازغىلكى تەرھى تىمسالى.
نۇسخەسىنى كەتۇر ماڭا مەتلۇب
بولسە تەبئى شەرىفىمە مەرغۇب؛
قايسى لايىقدۇر، ئانى ئالغايمىز،
شەرەفى ئىنتىقال قىلغايمىز.
ھەر كۈنى بارۇر ئېردىم قەھۋە سارى،
جۇملە مىئمار خانە ئىچرە بارى.
تا بىر ئاي ئەيلەپ ئۇل تەرەفكە رۇجۇئ،
قىلدىم ھەر سارى بۇ تەلەبغە شۇرۇئ.
تاپىپ ئۇل ۋەقت جايى ئالىينى،
نۇسخەئى يازىم ئۇل مىسالىنى.
كۆرۈپ ئۇل نازەنىن نەقشۇ قۇسۇر،
بۇ مۇناسىب دېدى: بەھاسىن سور
تاپتى مىئمار ئىتتىفاقى بەھا،
ئالدۇق ئانى بېرىپكى مىڭ تىللا.
ئۆي بىساتىدا بار ئىدى ھەرنە،
ئاندا فەرش ئەيلەدىم فەقىرانە.

باشلادىم مەنزەرىگە رەئنانى،
سەرۋى ياغلىغ نىھالى زىيبانى.
كىردى ئۇل شوخ بۇ مەقام ئىچرە،
چۇن قۇياش مەنزىل ئەتتى شام ئىچرە.
يانە ئايدى بازارغە بارغىل تېز،
ئەمدى كەلتۈر ماڭا لىباسى، ئەزىز.
ئۇشبۇ سۆزدىن بولۇپ بەسى خۇشھال،
تۇتتۇم ئەمرىنى جان بىلە فىلھال.
خاھلادىمكىم بازارغە بارغايمەن،
ئاڭا لايىق لىباس ئالغايمەن.
چۇن تەبەسسۇم قىلىپ دېدى جانان:
قايدا بارنى بىلۇرمۇسەن، نادان؟
ماڭا بازار لىباسى لايىقمۇ،
قامەتىم سەرۋىغە مۇۋافىقمۇ؟
ئايدىم: ئەي ھۇرۇ خۇش لىقا جانان،
لايىق ئېرمەس ساڭا لىباسى جەھان.
جەننەت ئىچرە مۇناسىپ ئەتمىش ھەق،
ھۇللەھايىكى سىندۇس ئىستەبرەق.
كۈلۈبان دېدى ماھى دىلخاھ ھەم:
خاۋاس ئايتۇرمۇسەن ماڭا سەن ھەم؟
ئەي ئەزىز، چارسۇغە بارغىل سەن،
راھكىم ئۇڭ تەرەفدە كىرگىل سەن.
پادىشاھ ئورداسىنىڭ يانىدا،
ئانداكىم بىر ئۇلۇغ مەكانىدا
بىلگەسەن بىر يىگىت دۇكانىدۇر،
سەن كۆرەرسەنكىم نەۋجەۋانىدۇر.
سالى ئون تۆرتدەدۇر چىرايى ماھ،
دەرلەر ئانى ئۆرۈر كىرەرغى شاھ.
باردۇر ئاندا لىباسى شاھانە،
خاھ مەردانە، خاھى شوخانە.
ھەرنەكىم دېسە، قىل ئاڭا بەخشىش،
قىلمە بەيئى خىلافىغە كۈشىش.
قىلدىم ئۇل قەسرى ئالىي سارى خىرام،
يەتتىم ئاندا، مۇيەسسەر ئولدى مەقام.
ئۇل مەقامىكى زىيب ئىلە تەرزىن،
نەقش ئېتىپ لاجۇەردۇ تىللادىن.
دۇككان ئېرمەسكى، بەلكى تالاردى،
يىغاچى ئاجۇ ئابنۇس بارى.
قويمىش ھەر جىنسدىن مەتائى بەسى،
كۆرگەچ ئەفزۇن بولۇر كۆڭۈل ھەۋەسى.
ئاندا بىر نەۋجەۋانى كۆردۈم خاب،
ھۇسنى چۇن ئافتابى ئالەمتاب.
خەتتى شەبرەڭ ياڭى دەمىدە قىلىپ،
ئارەزى گەردىغە رەمىدە قىلىپ.
ھېچ دەۋرىدە كۆرمەگەي ھېچ كۆز،
قىلسە بولماس نەزىرىدىنكىم سۆز.
مەسنەدى ئىززەت ئۈزرە ئۇل يەكتا،
ياتادۇر بالىن ئۈزرەئى دىيبا.
مۇتەئەددىد غۇلامى رۇمىيدىن،
خىزمەتىدە مۇلازىم ھىندىيدىن.
باغلابان بەلگە فۇتەئى زەررىن،
كىيىپ ئىگنىدە خىلئەتى شاھىن.
مېنى كۆردىيۇ ئورنىدىن قوپدى،
تۇشۇبان تەختەدىن، كېلىپ تۇردى.
ئالدىغە باردىمۇ سەلام قىلىپ،
ئۇل جەۋابىن بېرىپ كەلام قىلىپ.
كەلتۈرۈپ قويدى ئاجدىن سەندەل،
ئولتۇرۇپمەنكى ئۇل بولۇپ مەنفەل.
ئايدى: خىزمەت نېدۇر، قىلىڭ فەرمان،
كەلتۈرەيىن ئانى بەجاكى بەجان.
ئايدىم: ئۆي ئىچرە باركى بىر دىيدەم،
پەردەئى ئىسمەت ئىچرە پۇشىدەم.
كەلدىم ئۇل نازەنىن لىباسى ئۈچۈن،
خىزمەتىڭغە بۇ ئىلتىماسى ئۈچۈن.
كەلتۈرۈپ بوقچەلەرنى خادىملار،
ئاچتى ھەر جىنسدىن مۇلازىملار.
خىلئەتى شاھۇ ئەۋسەتۇ ئەئلا،
كۆرسەتىپ تەرتىب ئىلە چۇن ئەدنا.
كۆردۈم ئۇل دەم ئۇشۇلكى خىلئەتنى،
ئىلغاپ ئالدىم مەن دەستەدىن بىرنى.
قىيمەتىن سوردۇم، ئۇل دېدى بىر بار:
خەرىدىدۇركى بەيئى مىڭ دىنار.
دېگەنىن بەردىم ئۇل بەھايى قۇماش،
بەيئىدە قىلمادىم دو بارە تالاش.

بەلكى بەردىم غۇلامىغە يانە،
ئىككى - ئۈچ ئەشرەفىي غۇلامانە
كۆردى مەندەك بۇ رەڭ خەرىدارى،
مەندىن ئارتۇق بولۇپ تەلەبكارى.
يۈزۈمە باقتى ئول، دېدىكى: ئەزىز،
قايسى شەھرۇ دىياردىن بولاسىز؟
سورساڭىز شەھرىمىز، يەمەندىن مەن،
بۇ شەھەرگە ياكى كېلىپدۇرمەن.
يانە ئايدىكى: ئارزۇيى جان،
بولساڭىز بۇ كېچە ماڭا مىھمان.
بىر كېچە خىزمەتى بەجا قىلسام،
مىزبانلىق ھەقىن ئەدا قىلسام.
ئايدىم ئول ۋەجھىغە قىلىپ مەئزۇر،
ئۆيدە يالغۇز زەئىفەئى مەستۇر.
مۇندا ھالا غەرىبۇ بىكەسمەن،
ئانى تەنھا قويۇپ كېلەلمەسمەن
ئايدى ئول: قىلمە بۇ فەسانە فۇسۇن،
بۇ كېچە ئەيلە خەستەنى مەمنۇن.
تاپشۇر ئانى خۇدا ھىمايەتىغە،
يوق خىيانەت كىشى ئەمانەتىغە.
مىھر كۆپ كۆرگۈزۈپ دەلالەتدىن،
رەد قىلالمادىم خىجالەتدىن.
ۋەئدە قىلدىم: بولۇپ كېلەي بىغەم،
كەلمەكىمكە غەلىزۇ بەردى قەسەم.
چۇن مۇرەخخەس بولۇپ يانىپ ئاندىن،
دەرمەھەل ئۆيگە كەلدىم ئول ياندىن.
كۆردۈم ئول نازەنىننىئى ئافاق،
ئولتۇرۇر تاق ئۈزرە دىلبەرى تاق.
نازەنىن قاشىغە ئۈزنى يەتكۈردۈم،
بوقچەنى قويدۇم، ئالدىدا تۇردۇم
كۆردى ئاچىپ نىگار خىلئەتنى،
چۇن پىسەند ئولدى، سوردى قىيمەتنى.
قىلدىم ئۆتكەن بەيانى ۋاقىئىنى،
ماڭا ئول ئەيلەگەن تەۋازىئىنى.
مىھرىبانلىق قىلىپ تولا تەئرىف،
قىلدى ئۆيگە بۇ كېچە تەكلىف.
تۇتماي ھېچ ئۈزر ئىلە بەھانە قەبۇل،
ئانچە يەتكۈردى ئىھتىياجى نۈزۈل
ۋەئدە قىلدىم: كېلەي دەبان يانە،
شەرت بەردى كېلۈرمۇسەن يانە؟
ئانچە كۆركۈزگەنىن ئەيان ئەتتىم،
ئاڭلاغاننى تامام بەيان ئاتتىم.
ئايدى ئول نازەنىنى رەشكى پەرى،
مەنزەرى ئىچرە شامىنىڭ قەمەرى:
گەرچە مەندىن رىزالىغ ئىستەرسەن،
ئىشقىمە ئاشنالىغ ئىستەرسەن.
قىلغان ئول ۋەئدەغە ۋەفا كەلتۇر،
ئەيلەگەن شەرتنى بەجا كەلتۇر.
خىلافى ۋەئدە بولماغىل زىنھار،
نامۇناسىپ بۇ شىۋە كۆپ، ئەي يار.
ماڭا ھەم ناپىسەند ئېرۇر بۇ ئىش،
ئەيلە ئەھدىڭ ۋەفاسىغە كۇشىش.
مېنى يالغۇز خۇداغە تاپشۇرغىل،
كى رىزايىم يولىغە گام ئۇرغىل.
مەزھەبى ئىشق ئارا بۇكىم مەسبۇق،
فەرز بولمىش رىزايىئى مەئشۇق.
دەرد ئالۇد كۆڭۇل ئىلە ھەر ئان،
نائىلاج بولدۇم ئۈشبۇ سارى رەۋان.
يەتتىمۇ كۆردۈم ئول جەۋاننى مەست،
دۇككانى ئىشكىنى قىلىپ بەربەست؛
مۇنتەزىرلىغ ئوتىنى جانغە ياقىپ،
تۇرۇپ ئېركەن كېلۈر يولۇمغە باقىپ؛
چۇن مېنى كۆرگەچ ئول بولۇپ خۇشھال،
ماڭا سەندەل قويۇپ ئۈزى دەرھال؛
خادىمىلەر دۇكاننى ئەتتى،
باشلابان مېنى ئۆيگە يەتتى.
داخىل ئولدۇق ئىمارەتىغە ھەمان،
ماڭدى ئالدىمدا، مەن بولۇپ مىھمان.
كۆردۈمۇ باغىكىم بىھىشت ئايىن،
دەھر باغىدا گۈلشەنى تەھسىن.
تاقۇ مەنزەر ئىمارەتى ئالىي،
ئاندا نەققاش نەقشۇ ئەشكالى.
زىبىلار ئاندا فەرشى شاھانە،
سالىبان زىلچەھايى كىرمانە.

سايرابان ھەر تەرەفدە بولبۇللار،
ئاچىلىپ باغ ئىچرە ھەر گۇللار.
بادەكىم جامۇ نۇقلەھايى نەبات،
ئەيلەپ ئامادە جايكىم ھەيھات.
سەدرى مەجلىس ئارا قويۇپ سەندەل،
فەرشكىم ئۇستىدە قىزىل بەخمەل.
چادىرىكىم بىنا تاپىپ باغدا،
زىبب ئىلە تەختكىم قويۇپ ئاندا.
باشلابان چادىرىغە كىردىلەر،
تەخت ئۈزرە مېنى چىقاردىلەر.
سەندەل ئۈزرە تاپىپ ئۆزى ئارام،
خۇشلۇغىدىن قولىغە ئالدى جام.
قۇيۇبان مەينى نۇش قىلدىلار،
تولدۇرۇپ جامنى ماڭا تۇتتىلار.
ئىچىبان تۇتتى جام نەچە دەۋرەھ،
ئول زەمان يەتتىلەر كۆڭۈلگە فەرەھ.
تۇرۇبان تۆرت نەفەر مۇغەننىيلار،
ساز ئېتىبان سىتارۇ قانۇنلار.
نۇشى مەيدىن مۇغەننىيلەر نالان،
بۇلبۇلى مەستدەك قىلىپ ئەلھان.
دەفئە ـ دەفئە قەدەھ ئۇلارغا تۇتۇپ،
قىلىبان نەغمە، ئۇيلە كۆڭۈلنى ئۇتۇپ.
سازىدىن بەھرلەردە يوق سەيلان،
لەھنىدىن بۇلبۇل بولۇپ ھەر يان.
ھەر بىرى نۇتقىدا مەسىھى كەلام،
تەركىبىدۇر ئانىڭ «ئون ئىككى مەقام».
زاھىر ئەيلەپ يىگىرمە تۆرت شۇئبە،
پۇتكەرىپ ئاندا قىرق سەكىز لەئبە.
تاپتىلار ئۆز مەھەلىدە تەركىب،
بەردىلەر نەغمەسىدە يۈز تەرتىب.
نەغمەئى ئەرغەنۇندا قىلۇ قال،
زەخمەكى قانۇندا يۇزمىڭ ھال.
زەڭگى دىلدىن كۆتەردى نالەئى نەي،
نەشئەسىدىن ئۇلۇكلەر ئولمىش ھەي.
سۇرسەلەركىم سىتارغە كەمانچەئى خەم،
بەندە بولمىش ئەسىرى تۇركۇ ئەجەم.
چەكتى دافەندە شۇئلەلىغ ئاۋاز،
سازىدىن بولدى ئالەم ئاتەشباز.
بولمىش ئانداغ مۇغەننىيلەرغە فۇنۇن،
ناخۇنىدىن زىيادە ئىشقۇ جۇنۇن.

* *

ئەيش باغى بەھار خۇشراقدۇر،
سۇھبەتى گۇلئۇزار خۇشراقدۇر.
تولدۇرۇپ بادەنى كەتۇر، ساقىي،
مەيگۇسارلىق جەھاندا خۇشراقدۇر.
ھەر نەفەسنى سەنۇ غەنىمەت تۇت،
لېكىن ئەنجامى كار خۇشراقدۇر.
ئابى ھەيۋان زۇلالىدىن ھەر دەم،
بادەئى خۇشگەۋار خۇشراقدۇر.
شەيخنىڭ كېچەكى ئىبادەتىدىن،
سۇبھىدەمدە خۇمار خۇشراقدۇر.
ئۇمرى جانلىق بۇ دەھرى فانىيدا،
لايىقى روزگار خۇشراقدۇر.
بولماسا ۋەسل بىرلە كۆز رەۋشەن،
كويى ئىچرە غۇبار خۇشراقدۇر.
خىرزۇ ئىيسا مەقامى تەجرىدىن،
گۇشەئى ئىچرە يار خۇشراقدۇر.
زۇھد تەرك ئەيلەپ،ئىچ،فەنائىي،قەدەھ،
خاھىشى كىردىگار خۇشراقدۇر.

* *

مېھرىبانلىغ قىلىپ نىھايەتسىز
...............①
تۇتتى مەي ئول جەۋان بولۇپ سەرخۇش،
مەست ئانداغ قىلىپ مېنى بىھوش.
بىھوش ئول نەۋئىكىم بولۇپ بىغەم،
چىقتى يادىمدىن ئول نىگارى سەنەم.
كۆردۇم ئول ئەينى مەستلىكدە جەۋان،

① قولىيازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

تۇرفە دىلگىرۇ مەئيۇسۇ گىريان.
سوردۇم ئاندىنكىم بائىسى غەمنى،
قىلدى ئىزھارى ئىشقى زارىنى.
ئايدى: دىل ئىچرە ساقلاماق ئەسرار،
خاتىر ئىلە نىفاقدىن ئاسار.
ساچراban قوپتى جايگاھىدىن،
غايىب ئولدى نەزەر نىگاھىدىن.
كەلدى چۇن لەھزەئى ئۆتتۈپ يانە،
قولداشىپ بىر نىگارى جانانە.
يارۇتۇپ مەجلىس ئول جەمالىدىن،
مەي تۇتۇپ لەبلەرى زۇلالىدىن،
كۆرگەچ ئانى دۇ بارە بولدۇم مەست،
ئەقلىمە بەردى تۇرفە ھەيرەت دەست.
ئول يىگىت قىلدى بىر ئىشارەئى رەڭ،
بەردى ئول نازەنىننىڭ ئىلكىگە چەڭ.
قوپتى ئول گۇل گۇل جەبىن كەنارىدا ساز،
بۇيلە يۈز جىلۋە، مىڭ كەرەشمەۋۇ ناز.
كېلىپ ئول چۇنكى مېھىر تاقىغە،
ئولتۇرۇپ فەرشىنىڭ قاراقىغە.
ئىلكىگە چەڭ ئالىپ نەۋا قىلدى،
جان قۇشى تارىغە ھەۋا قىلدى.
كەلتۈرۈپ سازىن ئانچە سازىشغە،
شەۋقىدىن نالەنى نەۋازىشغە.
چەكتى مىزرابى چەڭگى تارىغە، بەس،
دەستى بۇسىغە زۇھرە قىلدى ھەۋەس.
سالدى ئوت بەزم ئىچرە نەغمەئى چەڭ،
بۇ غەزەل بىلە ئەيلەدى ئاھەڭ:

## بەيتى غەزەلىيات

ساقىيا، تۇت ماڭا لەبا لەب جام،
تەشنەلىكدىن تاپاي دەمى ئارام.
ئۆمر ھېچ، دەھر فانىي، تەڭ ئەۋقات،
فىتنە ئەنگىز دەھرى نافەرجام.
دىدە ياغلىغ سۇراھى چىققاي ئەشك،
ئۆمر فانىي، زەمانە خۇن ئاشام.
ئىستەمە ئەيشى دىل بۇ دەۋراندىن،
تاپمامىش كار دەۋرىدىن ئەنجام.
بادە بىلە كۆڭۈلنى خۇش تۇتكىم،
چەرخ بىدادۇ كىنەۋەش ئەييام.
بەزمنى ئوت قىلۇر مەيى گۇلگۇن،
ئىلكىگە ئالسە چەڭگى گۇل ئەندام.
مۇھتەسىب تېز ئىمىش پەياپەي تۇت،
گەر فەرەھ بەخش ئېرۇر مەيى گۇلفام.
مەستلىكدىن زەمانىي تاپمان ھۇش،
دەير ئارا بەس ماڭا بۇ ئېردى كام.
فەيز بەرگەي فەنائىي ئەشئارى،
چەكسە مۇترىب «نەۋا» «ئەجەم» مەقام.

* *

ئەيلەپ ئول دەھرى نەغمەئى دىلكەش،
بەزم ئارا تۇشتى شۇئلەئى ئاتەش.
سالدى غارەت خىرەدغە كەيفىييات،
مۇستەمىئلەرغە ۋەجد ئىلە ھالات.
بەزم ئول نەۋئىكىم بولۇپ ھاسىل،
ئۆتمىش ئۈچ كېچە مەستۇ لايەئقىل.
ۋەقتى تۆرتۈنچى شەب يارۇدى چەراغ،
غالىبى مەستى خاب تاپتى دىماغ،
نىسفى شەب ئۇيقۇدىن بولۇپ بىدار،
مەستلىكدىن بولۇپمەنۇ ھۇشيار.
خاتىرىمغە كېلىپ ئانىڭ يادى،
يادىمە يەتتى ئول پەرىزادى.
ئۆرتەدى ئىنفىئال ئوتى بارىم،
ئۆيدە تەنھا قالىپ ئىدى يارىم.
ئۆزگە قىلدىم مەلامەتى بىسيار،
يەتكۈرۈپ كۆپ تەئەسسۇفى ناچار.
چىقتىم ئاندىن بەھانەئى ھەممام،
ئەيلەدىم ئۆز ئۆيۈم تەرەفكە خىرام.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىدا)

مۇھەممەدئىيسا ھاجى

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەممەدئىيسا ھاجى 1884 ـ يىلى خوتەن چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1957 ـ يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئوغلى سىراجىدىن ھاجىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مۇھەممەدئىيسا ھاجى باشلانغۇچ بىلىمنى ئۆز ئاتىسىدىن ئالغان. كېيىن قۇربان ھاجى دېگەن كىشىدىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن ئۆز ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىمام ۋە خاتىپ بولغان. 1932 ـ يىلى ھەجگە بېرىپ، 1933 ـ يىلى قايتىپ كەلگەن. ھەجگە بېرىش ۋە قايتىش جەريانىدا كۆرگەنلىرى ئاساسىدا «تەئرىفاتۇل ھەرەمەين» (ئىككى ھەرەمنىڭ تەرىپلىرى) ناملىق ئەسىرىنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي ئەخلاقىي تېمىلاردا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. تۆۋەندە شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئازغىنە شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

* * *

گۇناھدىن قولئۇز ياران، بولما تەرسا،
بۇ ھەقتە نەزمە قىلدى ھاجى ئىيسا.
ھەلەق دەي سۆز ئەۋۋىلى زىناخورغا،
دوستىغا خىيانەتكار، پەيلى شورغا.
مەگەر كىم كىشى بولسا، زىنادىن،
قىلۇر دائىم زىنا، يانماي گۇنادىن.
زىناخوركى كىشى ئاخىر بولۇر خار،
بېسىپ ئىپلاس، پالاكەت نانغا ھەم زار.

يۈزى سۆرۈن تەلەتى ھەم، يالىڭاچ،
تاپالماي بىر قوبۇز نان، بەس، قالۇر ئاچ.
يۈزىنىڭ نۇرىدىن قالماس نىشانە،
ئەجەب قورقلۇغ بولۇر ئەپتى ـ پېشانە.
بۇ دۇنيادا ھەمان يۈرگەي بولۇپ خار،
قىيامەتتە بولۇر جايى ئانىڭ نار.
زىناخور بولسا كىم ئادەم ئەمەستۇر،
ئانى ھېچكىم يەنە ئادەم دېمەستۇر.

قىيامەت كۈن زىنا قىلغان كىشىنى،
خۇدا قىلغاي قىيىن چەندان ئىشىنى.
زىناخور كىشىدىنكى تەڭرى بىزار،
قىيامەت كۈن ئاڭا بار تۈرلۈك ئازار.
بۇ دۇنيادا كۆرۈڭ هالى نې كەچكەي،
يۈزىدىن ئەسلى ئىمان نۇرى ئۆچكەي.
زىنانىڭ شۇملۇقى ئالەمگە بولغاي،
ئانىڭ كەسافەتى ئالەمگە تولغاي.
زىنا قىلغان كىشىنىڭ ئۆمرى كوتاھ،
شۇبۇ قىلمىش تۆپەيلى چەككۈسى ئاھ.
زىنانى پاھىشە دەپ قىلدىلەر ياد
زىنانى قىلسا تەرك كىم، غەمدىن ئازاد.
خۇدا «قۇرئان»دا نەهيى ئەتتى زىنانى،
خەلايىق، قىلماغىل مۇنداغ گۇنانى.
كىشىكىم بولسە نەدە زىناخور،
ئاڭا تەڭرىم دېدى: «يۈز دەررەنى ئۇر».
نىكاهلانغان كىشى قىلسە زىنانى،
رەھىم قىلماي قىلىڭلار رەجمە ئانى.
خۇدايا، ساقلاغىل مۇنداغ بەلادىن،
خالايىقلار يىغىلسۇنكى تەلادىن.
كىشى بولسا ھەرامدىن بولدى زاتى،
ھەرامدىن بولمىسا، قىلغايمۇ ئانى.
يېقىن بارماڭ دېدى تەڭرىم زىناغە،
ھەمنەفەس بولماڭىز مۇنداغ گۇناغە
كىشى يانسا قىلىپ تەۋبە زىنادىن،
ياغۇر رەھمەت ئاڭا رەببىم خۇدادىن.
ئانىڭ جايى بولۇر جەننەتۇل - مەئۋا،
خۇدانىڭ ۋەئدەسى شۇل، بولغىن ئاگاھ.
خۇدانىڭ ۋەئدەسى بىشەككى راستتۇر،
ئانىڭ راھەتلەرى بىھەد قىياستۇر.
زىنا قىلغان كىشىنىڭ رىسقىدۇر تار،
دېدى پەيغەمبەرىم: «ئۇ ئاخىرى خار»
بولۇر ئۇ شەرمىسار، شەرمەندە بىسيار،
قىلۇرلار ئەھلى مەھشەر بەس، نومۇس - ئار.
پەناھ ئىستەڭ، خەلايىق، سىز زىنادىن،
خۇدايىم ساقلاسۇن ئانداغ گۇنادىن.
زىنا قىلغان قالۇرلار ئەسكىلىككە،
فەقىرلىققە، فەلاكەت، بەستەلىككە.
خالايىق، تەۋبە دەڭ، قىلماڭ زىنانى،
كى ھېچكىم خوپ دېمەس ئۇنداغ گۇنانى.
زىنادەك ئەسكى ئىش ئالەمدە بارمۇ،
يەنە بارمۇ ئانىڭدەك شەرمىسارمۇ؟
زىنا قاتتىق سۆكۈلگەن «قۇرئان» ئىچىدە،
كىتابلار جەۋھىرى پۇرقان مەجىدە.
موڭا باۋەر قىلورلار ئەھلى ئىدراك،
زىنادىن قاچ، بەرادەرلەر، ئارىغ، پاك.
گۇنادىن تەۋبە قىلسا ھەر مۇسۇلمان،
ئۆلەر ۋەقتىدە تاپقاي نۇرى ئىمان.
خۇدايا، ھاجى ئىيسانى كەچۈرگىل،
ئانىڭ بەدنامىنى ئاقلا، ئۆچۈرگىل.

* *

كىشى تەۋبە بېرىپ يانسا گۇنادىن،
هاراقتىن قول ئۈزۈپ، ياكى قىماردىن.
بۇ ياڭلىغ جۇرمە ئىسيانىدىن تىيىلسە،
بولۇر قورقۇپ خۇدايىمدىنكى يانسە.
بۇ ياڭلىغ نەفسىدىن كەچكەن كىشىدىن،
خۇدا رازى بولۇر بارچە ئىشىدىن.
كى ھەر قىسمى گۇنادىن يانسا ئادەم،
بولۇر جايى ئانىڭ جەننەتتە ھەردەم.
خۇدانىڭ ۋەئدەسى بەرھەقكى راستۇر،
دېسە يالغانكى كىم، مۇئمىن ئەمەستۇر.

نەسىھەتتىن دېدىم ئىشتىڭ، خالايىق،
بولۇپ قالمايلى دەپ دەۋزەخقە لايىق.
گۇنادىن يانسا ئادەم، قىلمىسا كېيىن،
دېگەي تەڭرىم ئۇنى ياخشى مۇئمىن.
ئاناسىدىن تۇغۇلغاندەك بولۇر پاك
مۇڭا ئىشلەت ئەقىل، ئەھلى ئىدراك.
گۇنادىن تەۋبە قىلسا ھەر مۇسۇلمان،
ئۆلەر ۋەقتىدە ھەمراھ نۇرى ئىمان.
خۇدايا، ھاجى ئىيسانى كەچۇرگىل،
ئۇنىڭ بەدنامىنى ئاقلا، ئۆچۈرگىل.

* *

بەڭگىنىڭ ھەرقانچە بولسە ئويدىنى،
ئەسلىتەر قىلمىشى ئۇسكەك بۇقىنى.
بەڭگىلىكتىن باشقا ئانىڭ نامى يوق،
بى ئىمان كەتكەي ئاخىر - ئىمانى يوق.
بەڭگىدە شەرمۇ ھەيا قالماس غۇلى،
نان تىلەپ يەر ئاخىرى قالماي پۇلى.
ھەر كىشىدە بولمىسا شەرمۇ ھەيا،
ئول كىشىدە بىل نېچۇك ئىمان تورا.
بەڭگىنىڭ بەڭ تارتقان ۋاقتىنى كۆر،
ھۆترەپ، شالۇك، كۆزىدىن ياش ئاقۇر.
ھۆترەگلىگ، ئوسراغلىق ھالى يوق،
گەجگىدە قاينار كۆزى، مەجالى يوق.
بەڭگىلەر دائىم كۆرۈڭ بەڭ تارتادۇر،
نەشەگە پۇل بولماسا، تەن ساتادۇر.
نان تىلەپ يەپ ئۆيمۇ ئۆي رەسۋا ئۆزى،
كىمنى كۆرسە «ھە» خوشامەتتۇر سۆزى.

كىم خۇشامەت ئەيلەسە ئىمانى يوق،
ئىمانى يوقلارنىڭ دېگىن ئاغزىغا پوق.
غاڭزا بىرلە، فوپرەسكە ئۇ سەخىي،
بەڭ چېكىپ يانماس گۇناھدىن دەۋزەخىي.
بەڭگىنىڭ زىنا، جېدەلدۇر ئادەتى،
ھېچ قەبۇل بولماسكى قىلغان تائەتى.
بەڭگىلەر بەڭ تارتادۇر دائىم غورۇر،
دەۋزەخ ئىچرە بەڭگىنى تەڭرىم ئۇرۇر.
بەڭگىلەرنىڭكى تۇتۇندىن جايى بار،
ئول تۇتۇننىڭ تەھتىدە ھەم نارى بار.
بەڭگىلەرنىڭ فىسقەسى ھەددىن فۇزۇن،
دەۋزەخ ئىچرە قالغۇسىدۇرلار ئۇزۇن.
نەشەنى تارتقان بىشەك دىۋانەدۇر،
تارتمىغانلار يۈزى ئاي، مەردانەدۇر.
ھەم قەلەندەر بولغۇسى نامۇسى يوق،
بەڭگىنى كىم ماختاسا ئاغزىغا پوق.
ئالتە بەڭگە بىر بولۇپ قىلسا كېڭەش،
كېلىدۇ قوي ئوغرىلاپ يېگۈسى پەش.
ئاڭلاغىلكى بەڭگى قورقۇنچاق بولۇر،
دامبۇلا قىلىپ ئاغىزدا شە ئالۇر.
بەڭگىلەرنىڭ ئويدىنى بارمۇ قېنى،
كەلسە خۇمارى دېمەس سىنى، مېنى.
بەڭگىنىڭ بەڭ تارتادۇرغان ۋەقتىدە،
ھەر نېمەرسە بولسا قالغاي تەھتىدە.
بەڭگىگە ئاتا - ئانا لازىم ئەمەس،
كېچە - كۈندۈزدە يۇرەدۇر مەس - ئەلەس.
ئەي خۇدا، رەھمىڭگە مەندە ئىشتىياق،
بەڭگىدىن قىل ھاجى ئىيسانى يىراق.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **يۈسۈپ ئىگەمبەردى**

بىرىنچى تەبقە

## ئەجەم شائىرلىرىنىڭ تەزكىرىسى

ئالەم بەكمۇ ئۆزگىرىشچاندۇركى، ھەر ھادىسىدىن بىر تۈرلۈك ئايلىنىدۇ. ھەر ئەسىر ۋە زاماندا يېڭى بىر سۆز، يېڭى بىر تىل پەيدا بولىدۇ... توپانلار، ھادىسىلەر، ئىنقىلاب ۋە قىرغىنلارنىڭ ھەممىسى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىندۇر.

ئالىملار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن پارسچە يېزىلغان بىرەر شېئىرنى ئۇچراتمىغان، ھەتتا پارسچە سۆز ۋە ئىسمىنىمۇ كۆرمىگەن ئىكەن. تۇنجى بولۇپ پارسچە شېئىر يازغان كىشى بەھرام گور① بولغانلىقى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا بىر نەقىل بار. بەھرام گورنىڭ دىلئارام چەڭگي ئىسىملىك بىر مەھبۇبەسى بولۇپ، ئۇ كامالەتكە يەتكەن، توغما ئىقتىدارلىق، ئەقىللىق ۋە سەرۋى بويلۇق ئىدى... بەھرام ئۇنىڭغا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ، ئارامىنى يوقاتقانىدى. ئۇ كۆڭۈلنى زىننەتلىگۈچى گۈل بەدەنگە ئاشىق - بىقارار ئىدى، ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەلنى ئويۇن - تاماشاغا ۋە ئوۋغىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتى، مەينى بىللە ئىچەتتى؛ ئەيش - ئىشرەت ۋە بەخت - سائادەتلىك كۈنلىرىنى ئۇ گۈزەلسىز ئۆتكۈزۈشنى ھارام دەپ بىلەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بەھرام قومۇشلۇق ئىچىدە، دىلئارامنىڭ كۆز ئالدىدىلا بىر شىرغا تاشلاندى، ئۇنى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ باغلىدى. (ئۆز) پەھلىۋانلىقىدىن تولىمۇ مەغرۇرلانغان بەھرام مانا بۇ (مىسرا)نى تىلغا ئالدى:

---

* بېشى ئۆتكەنساندا

[«مەنمۇ ھەيۋەتتە پىلمەنۇ قۇدرەتتە شىرمەن» ]

بەھرام ئېيتقان ھەر بىر سۆزگە دىلئارام مۇناسىپ جاۋاب قايتۇردى. بەھرام: «مانا بۇ سۆزۈمگىمۇ جاۋاب ئېيتقىن» دېدى. دىلئاراممۇ، دەرھەقىقەت، مۇناسىپ جاۋاب بەردى. «نامىڭ بەھرامدۇر، ئاتاڭنىڭ ئىسمى بۇ جىبەلە». پادشاھقا بۇ سۆزنىڭ ئېيتىلىشى مازاقتەك تۇيۇلۇپ، ھەكىملەرگە مەسلىھەت سالدى. ئۇلار تەكشۈرۈپ كۆردى، ئەمما ئۇزلىرى بىر بېيتتىن ئارتۇق شېئىر ئېيتالمىدى. ئەبۇ تاھىر خاتۇنىي شۇنداق ئېيتىپتۇكى، ئىززۇددەۋلە دەيلەمىي② زامانىدا خانەقەيىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان شېرىننىڭ قەسرى بۇ كەمگىچە تەلتۆكۈس ۋەيران بولمىغان، ئۇنىڭ گۈمبىزىنىڭ ئالدىغا قەدىمكى پارس تىلىدا مانا بۇ بېيت پۈتۈلگەن:

كائىناتنىڭ بەختىيار تەختى بولغان بۇ،
دىيدارىلە جاھاننى بەختلىك قىلغان بۇ.

دېمەك، مەلۇم بولدىكى، ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالمۇ پارسچە شېئىر ئېيتىلغانىكەن. بىراق، ئەجەم پادشاھلىرىنىڭ مەملىكىتى ئەرەبلەر قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ قوۋم (ئەرەبلەر) مۇبارەك دىن ۋە شەرىئەتنى ئورنىتىش يولىدا تىرىشىپ، ئەجەمنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىكار قىلدى. شۇ ئەھۋالدا (پارسچە) شېئىرنىمۇ مەنئىي قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. ياكى ھاكىمىيەت ئالماشقانلىقى سەۋەبىدىن (پارسچە) شېئىرمۇ ئۇنتۇلغاندۇر. ئۇممەۋىيە سۇلالىسى③ زامانىدا ھەمدە ئابباسىيە خەلىپىلىرى④ دەۋرىدە بۇ دىيارنىڭ (ئەجەملەر يۇرتىنىڭ) ھاكىملىرى ئەرەبلەردىن ئىدى. خاجە نىزامۇلمۇلك «سىيەرەل ـ مۇلك» (پادىشاھلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى) ناملىق كىتابىدا⑤ ئېيتقانكى، خۇلەفائى راشىددىن⑥ زامانىدىن تاكى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي⑦ دەۋرىگىچە پادشاھلار قانۇن، ھېساب ـ كىتاب، مەكتۇب ۋە يارلىقلارنى ئەرەب تىلىدا يازاتتى. پادشاھلار ئۈچۈن پارس تىلىدا مەكتۇب پۈتمەك ئەيىب ھېسابلىناتتى. ئەبدۇلمەلىك ئىبنى ئەبۇ نەسر كۇندەرىي ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشكەندىن كېيىن (ئۇ ئالپ ئارسلان ئىبنى چاغرىبەگ سەلجۇقىينىڭ⑧ ۋەزىرى ئىدى) ئۆزىنىڭ كەم سەرمايىلىكىدىن بۇ تەرتىب ـ قائىدىنى بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە ھۆكۈمنامە ھەمدە باشقا ھۆججەتلەرنى پادشاھلار دىۋانلىرىدا پارس تىلىدا يازىدىغان بولدى. يەنە ھېكايە قىلىنىشىچە، ئابباسىيە خەلىپىلىرى زامانىدا ئەبدۇللاھ ئىبنى تاھىر⑨ خۇراسان ئەمىرى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىشاپۇردا ياشايدىغان بىر كىشى قانداقتۇر بىر كىتابنى تۆھپە تەرىقىسىدە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. (ئەمىر) سورىدى: «بۇ قانداق كىتاب؟» (ئۇ كىشى) جاۋاب بېرىپ: « بۇ ‹ۋامىق ۋە ئۇزرا›⑩ قىسسىسىدۇر. بۇ كۆپ ھېكايەتلەردۇركى، ھەكىملەر نۇشىرۋان نامىغا توپلىغان ئىكەن» دېدى. ئەمىر ئېيتتىكى: «بىز قۇرئانخان ئادەملەرمىز، بىزگە قۇرئان ۋە پەيغەمبەرلەر ھەدىسىدىن بۆلەك كىتاب كېرەك ئەمەس. بۇ كىتابنى ئاتەشپەرەستلەر جەملىگەن، بىزنىڭ جامائەتنىڭ نەزىرىدە، ئۇ بىر تۈتۈن، خالاس». شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ كىتاب سۇغا ئاققۇزۇلدى. (ئاندىن كېيىن) «ھەرقانداق جايدا ئەجەم تىلىدا كىتاب ئۇچرىسا ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار» دەپ ئەمىر قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، تاكى سامانىيلار⑪ دەۋرىگىچە ئەجەمچە شېئىرلارنى كۆمۈپ تاشلاشتى. شۇ جەرياندا، ناۋادا (بىرەر كىشى) ئەجەمچە شېئىر ئېيتقۇدەك بولسا ئۇنى توپلىمىدى.

ھېكايەت: ئەجەم دىيارىدا بىرىنچى بولۇپ ئاباسىيلار ئۈستىگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان يەئقۇب ئىبنى لەيس سەففار⑫ كەنجى ئوغلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ھېيت كۈنى شۇ ئوغۇل باللار بىلەن

ياڭاق ئويناۋاتقان ئىكەن، ئەمىر ئويۇن ئۇستىگە كېلىپ، بىر سائەت چامىسىدا تاماشا قىلىپ تۇردى. ئوغلى ياڭاق ئاتتى. ئۇ يەتتە ياڭاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېرىپ تەگدىيۇ بىرى تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئەمىرزادە نائۇمىد بولدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاشۇ ياڭاق ئارقىغا يۇمۇلاپ كېلىپ (يەنە) تۇپقا قوشۇلدى. ئەمىرزادە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ مۇنداق دېدى (مىسرا):

[يۇمۇلاپ، يۇمۇلاپ تۇپقا كېلىپ قوشۇلدى ]

بۇ سۆزلەر يەئقۇبنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. خىزمەتچىلىرى ۋە ۋەزىرلىرىنى يىغىپ: «بۇ سۆز شېئىرمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ دۇلەف ئىبنى كەئب باشقىلار بىلەن بىرگە (مىسرانىڭ) ۋەزنىنى ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ مىسرانىڭ ئۆلچىمىنى ھەزەج بەھرىنىڭ تۇرلىرى ئىچىدىن تاپتى. باشقا بىر مىسرانى ئېنىقلاپ، ۋەزنىنى ئۆلچەپ بۇ مىسراغا قوشتى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق يەنە بىر بېيتنى قوشۇشتى ـ دە، دۇ بەيتي (ئىككى بېيتلىك) دەپ ئاتىدى. بىرقانچە ۋاقىتقىچە (بۇنداق شېئىرنى) دۇ بەيتي، دەپ يۈرۈشتى. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەزىلەت ئىگىلىرى دۇ بەيتي (دەپ ئېيتىش)نى ياقتۇرماي قالدى ۋە: «بۇ تۆت مىسرادۇر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) رۇبائىي دېيىلسىمۇ بولىدۇ» دېيىشتى. پەزىلەت ئىگىلىرى بىرمۇنچە ۋاقىت رۇبائىي ئېيتىش بىلەن شۇغۇللاندى. (مىسرا):

گۈل باركى سەبزەزار زىننەتلىكتۇر.

ئەمما، سامانىيلار زامانىدىلا ئاندىن پارسچە شېئىر راۋاج تاپتى. ئۇستاز رۇداكىي بۇ ئىلمىدە شائىرلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنىڭدەك تۇپلام تۈزگەن شائىرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىشتمىدۇق. دېمەك، تەزكىرىمىزنى ئۇستاز رۇداكىيدىن باشلىشىمىز زۆرۈر...

## ئەبۇ ئەبدۇللاھ رۇداكىي[13]

ئۇستاز رۇداكىي سامانىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئەمىر نەسر ئىبنى ئەھمەد[14]نىڭ ئىخلاسمىنى ۋە مەخسۇس خىزمەتچىسى ئىدى. رۇداكىي تەخەللۇسىغا سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ مۇسىقىي (مۇزىكا) ئىلمىدە زور ماھارىتى بار بولۇپ، باربەد[15]نى ياخشى چالاتتى. بەزىلەر ئېيتىشىدۇكى، رۇداك ـــ بۇخارا قىشلاقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ۋە رۇداكىي ئاشۇ قىشلاقتىندۇر. قىسقىسى، ئۇنىڭ زور ئىستېداتى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بار ئىدى. شېئىر پېنىدە ئۇستازلار قاتارىدا ئىدى. ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە»نى ئۆزىنىڭ نەزم رىشتىسىگە تىزغان. ئەمىر نەسر (ئىبنى ئەھمەد) ئۇنىڭغا ھېسابسىز ئىنئاملار تۆھپە قىلغان... ھەمدۇللاھ مۇستەۋفىينىڭ «تارىخى گۇزىدە» (تاللانغان تارىخ) كىتابىدا كەلتۈرۈلىشىچە، ئەمىر نەسر ئىبنى ئەھمەدگە خۇراسان ئۆلكىسى تەسلىم بولۇپ، ئۇ پايتەخت ھىرات شەھىرىگە بارغاندا، بۇ شەھەرنىڭ جەننەت كەبى ئىقلىمى ئەمىرنىڭ تەبىئىتىگە يېقىپ قالدى. سەرەخسنىڭ باش باھارى، كۆھسارنىڭ تومۇزلىرى، بادغىسنىڭ كۆزلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزەلمەي نازۇ ـ نېئمەتكە تولغان شەھەر ئەتراپىنى سەيلە قىلاتتى، ئۆز پايتەختى بۇخارا ئەمىرنىڭ ئىسىدىن تامامەن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەسلى بۇخارالىق بولغان ئەمىرلەر ۋە دۆلەت كاتىپلىرى ھىراتتا ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقىدىن رەنجىگەنىدى. (لېكىن) ھەر قانچە قىلىپمۇ ئەمىرنى بۇخاراغا قايتىشقا كۆندۈرەلمىدى. (شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇلار ئۇستاز رۇداكىيغا كۆپتىن كۆپ سوۋغىلار تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇلپەتچىلىك پەيتىدە ئەمىردە بۇخاراغا قايتىش شەۋقىنى ئويغىتىشنى ئۆتۈنۈپ سوراشتى. بىر كۈنى ئەمىر شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ

بۇخارا نېمەتلىرى ۋە بۇ جەننەت مىسال دىيارنىڭ ئاب ـ ھاۋاسىنى تىلغا ئېلىپ قالدى. ئۇستاز رۇداكىي دەرھال مانا بۇ قەسىدىسىنى كۈيلەشكە باشلىدى:

مۇلىيان[16] بۇيى بۇ يان كەلمەكتىدۇر،
يادقا يارى مېھرىبان كەلمەكتىدۇر.

گەر يىرىكتۇر شۇنچىلىك ئامۇل قۇمى،
لېك مەيىن يىپەكسىمان كەلمەكتىدۇر.

گەرچە كەڭدۇر شۇنچىلىك جەيھۇن سۈيى،
ئات بېلىدىن بىزىيان كەلمەكتىدۇر.

ئەي، بۇخارا شاد بولۇ تەزىمگە چىق،
چۈنكى، ئەمىر ـــ مېھمان كەلمەكتىدۇر.

ئاي ئەمىر بولسا، بۇخارا ـــ ئاسمان
ئاي چىقىپ، ئاسمان تامان كەلمەكتىدۇر.

سەرۋ ئەمىر بولسا، بۇخارا ـــ بوستان،
سەرۋى بۇ كۈن بوستان كەلمەكتىدۇر.

بۇ قەسىدە ئۇزۇندۇر ۋە ئۇنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرسەك كىتابقا سىغماس. ئېيتىشلارچە، بۇ قەسىدە ئەمىرنىڭ كۆڭلىگە شۇقەدەر يېقىپ قالغانكى، ئۆتۈكىنى كىيمەيلا ئاتلىنىپ بۇخاراغا جۆنىگەن. دانالارنىڭ كۆزىگە بۇ ھالەت ئاجايىپ كۆرۈنسە كېرەك. چۈنكى، بۇ شۇنداق ساددا قەسىدەكى، سەنئەت ۋە بەدىئىيلىكتە قۇدرىتى كەمدۇر. ئەگەر، شۇ كۈنلەردە بىرەر شائىر بۇ قەسىدىگە ئوخشاش (ئەسەر)نى پادشاھلار ۋە ئەمىرلەر مەجلىسىدە ئوقۇغۇدەك بولسا، بازار تاپالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئۇستاز رۇداكىي ئەدۋار(نوتا) ۋە مۇسىقىي پىنىدە كۈچلۈك قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى. قەسىدىنى ساز بىلەن كۈيلەش ئارقىلىق يېقىملىق ئورۇندىغان بولسا ئېھتىمال.

قىسسىگە كەلسەك، ئۇستازنى پەقەت شۇ سۆزى ئۈچۈن كەمسىتىش ئىنساپلىق ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىلمىلەردىن ۋە كۆپ پەنلەردىن تولۇق خەۋىرى بار ئىدى. شېئىرىيەت تۈرلىرىدىن قەسىدە ۋە مەسنەۋىينىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇستاز رۇداكىي خاس ۋە ئاۋام ئالدىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەنىدى. نەقىل باركى، ئۇستازنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى يۈز چاكىرى قالغان بولۇپ، (ئۇنىڭ) باشقا مال دۇنياسىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

## فەررۇخىي[17]

ئۇستاز فەررۇخىي (ئەسلى) تېرمىزلىك بولۇپ، ئۇنسۇرىي[18]نىڭ شاگىرتىدۇر. زېھنى ساغلام، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشى كىشى. ئۇستاز رەشىدىيدىن ۋەتۋات شۇنداق ئېيتقانكى، مۇتەنەببىي[19] ئەرەبىستاندا قانداق بولغان بولسا، فەررۇخىيمۇ ئەجەمدە شۇ تەرىقىدۇر. بۇ ھەر ئىككى فازىل سۆزنى ساددا ئۇسۇلدا ئېيتىشقان...

ئۇستاز فەررۇخىينى بالاغەت ۋە پاساھەتتە تەڭدىشى يوق دېيىشىدۇ ۋە شېئىر سەنئىتىگە ئائىت

«تەرجىمانەل ـ بەلاغە» (ناتىقلىقنى چۈشەندۈرگۈچى كىتاب)مۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرىدۇر. پەزىلەت ئىگىلىرى ھەمىشە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرىدۇ. فەررۇخىينىڭ دىۋانى ماۋەرائۇننەھردە شۆھرەت قازانغان. ئەمما، ھازىر خۇراساندا تىلغا ئېلىنمايدۇ.

## ئەمىر مۇئىززىي[21]

(مۇئىززىي)ئۇلۇغلار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى جۈملىسىدىندۇر. ئۇ بىرمۇنچە ۋاقىت بىلىم ئىگىلەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دانىشمەن بولۇپ يېتىشتى. ئۇ شېئىر ئىلمىدە زامانىسىنىڭ يېتۈك كىشىسى بولۇپ، ئەسلى نىسا[21] ۋىلايىتىدىندۇر. دەسلەپ ھەربىي خىزمەتتە بولغان ۋە خۇراساندىن ئىسفەھانغا، سۇلتان مەلىكشاھ[22] خىزمىتىگە بارغان. (مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن) ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن. «چەھار مەقالە» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىي دەپتۇركى: «ئوتتۇز نەپەر پازىل ۋە مۆتىۋەر كىشى بىلەن سۆھبەتلەشتىم، (لېكىن) مۇرۇۋۋەت، دانالىق ۋە تەبىئىي ئىنچىكىلىكتە ئەمىر مۇئىززىيدەك كىشىنى كۆرمىدىم». ئەمىر مۇئىززىينىڭ تۇنجى شۆھرەت تېپىشى، يەنى سۇلتان مەلىكشاھ ھوزۇرىدا «مەلىكۇش ـ شۇئەرا»لىققا تەيىنلىنىشىگە سەۋەب شۇ بولغانكى، ھېيت كېچىسى سۇلتان ۋە دۆلەت كاتىپلىرى (ئادەت بويىچە) يېڭى ھېيت ئېيىنى تاماشا قىلىش مەقسىتىدە قەسىرنىڭ تېمىغا چىقىشتى. ئەمما، ئۇلۇغلار ۋە بايلار قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ يېڭى ئاينى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. (شۇ پەيت) سۇلتاننىڭ كۆزى تەساددىپىي ئايغا چۈشتى ۋە مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنى بارلىق ئۇلۇغلارغا كۆرسەتتى. ئەمىر مۇئىززىينى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە سۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ ھامان شېئىر ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ئۇستاز مۇئىززىيمۇ ۋاقىت تەقەززاسى بىلەن مانا بۇ نەپىس رۇبائىينى يازدى ۋە يېڭى (كۆرۈنگەن) ئاينى پەقەت تۆت تەشبىھ (ئوخشىتىش) بىلەنلا تەسۋىرلىدى.

ئەي ! ھىلال، سەن كەمانى پادىشادۇرسەن،  
ياكى يار زىنىنتى ـــ قاشى يادۇرسەن.  
نال سەنكى ـــ ساپ تىللا ئەشيادۇرسەن.  
ياكى ئالتۇن سىرغائى سامادۇرسەن.

سۇلتانغا بۇ رۇبائىي يېقىپ قېلىپ، (شۇنىڭدىن كېيىن) ئەمىر مۇئىززىينىڭ مەرتىۋىسىنى شۇ قەدەر ئۆستۈردىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا رۇمنىڭ[23] ئەلچىلىكىنى بەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، (مۇئىززىي) ئىسفاھانغا قىرىق قاتار تۆگىگە ئارتىلغان قىممەت باھا ماتالارنى ئەۋەتكەن.

ئەمىر مۇئىززىينىڭ دىۋانى مەشھۇر بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. خاقانىي ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان، رەشىدىددىن ۋەتۋات ئۇنى ئىنكار قىلغان. ئەمىر مۇئىززىي ئىككى قاپىيەلىك قەسىدىنى ياخشى ئېيتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ئاشۇ قەسىدىسىنى ئىزدەيدىكەن. ئۇ قەسىدىنىڭ مەتلىئى مۇنداق:

ھەتتا گۇل ياپرىقىدىن ھەم تۇزىتار، ئەي گۇل بەدەن،  
كى تاپمىش پەرۋەرىش جەننەت دايەسىدىن بۇ بەدەن.

ئەبۇ تاھىر خاتۇنىي «مەناقىبۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى) كىتابىدا يېزىپتۇكى، شائىرلاردىن يۈزگە يېقىن كىشى بۇ قەسىدىگە نەزىرە يازغان، لېكىن ھېچكىم ئەمىر مۇئىززىيدەك ئېيتالمىغان. ئەبۇ تاھىر (خاتۇنىي) يەنە مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ پىكرىمچە، ئەمىر مۇئىززىي بۇ قەسىدىنى ئۇنسۇرىيدىن كۈچلۈكرەك ئېيتقان...

## ئىزاھاتلار:

① (ئىران) بەھرام گور — ساسانىيلار سۇلالىسىدىن پادشاھ ۋە رەخران V مىلادىيە 421 - يىلىدىن 438 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ نىزامىي، نەۋائىي ھەمدە باشقا كلاسسىك شائىرلار ئەسەرلىرىنىڭ باش قەھرىمانى.

② ئىززۇد دەۋلە دەيلەمىي — (ئىراق، ئىران) بۇۋەيھىيلەر سۇلالىسىدىن چىققان ھۆكۈمدار.

③ ئۇمەۋىيە سۇلالىسى — خۇلەفايى راشىدىندىن (ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى) دىن كېيىن ئەرەب خەلىپىلىرى ئىدارە قىلغان سۇلالە (661 — 750).

④ ئاببasيە خەلىپىلىرى — ئۇمەۋىيىلەردىن كېيىن ھاكىمىيەت باشقۇرغان سۇلالە (750 — 1258).

⑤ سىيەرۇل مۇللىك — 9 - ئەسىرنىڭ چوڭ دۆلەت ئەربابى ھەمدە ئالىمى ئەبۇ ئەلى ئەلھەسەن ئىبىن ئەلى ئىبىن ئىسھاق ئەتتۇرسىنىڭ (1018 — 1092) دۆلەت ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى مۇھىم ئەسىرى. ئۇ فرانسۇز، رۇس، گېرمان، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

⑥ خۇلەپائى راشىدىندىن — توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى قاتارلىق تۆت كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي — خوراسان، ھازىرقى ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان غەزنەۋىيلەر (977 - 1186) سۇلالىسىدىن ئۈچىنچى ھۆكۈمدار.

⑧ ئالپ ئارسلان ئىبنى چاغرىبەگ — ئىران ۋە ئىراقتا 1038 — 1194 - يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان سالجۇقىيلار سۇلالىسىدىن ئىككىنچى ھۆكۈمدار، مىلادىيە 1063 - يىلىدىن 1072 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان.

⑨ ئەبدۇللاھ ئىبنى تاھىر — مىلادىيە 821 - يىلىدىن 873 - يىلىغىچە يىللىرى خوراساننى ئىدارە قىلغان، تاھىرىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى ھۆكۈمدارى مىلادىيە 828 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان.

⑩ «ۋامىق ۋە ئۈزرا» قىسسىسى — ئۇنسۇرىي قەلىمىگە مەنسۇپ داستان.

⑪ سامانىيلار — مىلادىيە 819 - يىلىدىن 1005 - يىلىغىچە خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرلەرنى ئىدارە قىلغان سۇلالە.

⑫ يەئقۇب ئىبنى لەيس سەففار — مىلادىيە 867 - يىلىدىن 1495 يىلىغىچە سىيستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلالىنىڭ ئاساسچىسى ۋە تۇنجى ھۆكۈمدارى.

⑬ رۇداكىي — تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەبدۇللاھ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد رۇداكىي سەمەرقەندىي تەخمىنەن مىلادىيە 855 - يىلىدىن 941 - يىلىغىچە ياشىغان پارس، تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى؛ «كەلىلە ۋە دىمنە» (932 - يىلى يېزىلغان) داستانى، «مادەرى مەي» قەسىدىسى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ تەخەللۇسى (رۇداكىي) رۇد دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابتىن ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىر ھەقىقەتتىن يىراقتۇر. سەدرىدىن ئەينىي سەمەرقەندگە قاراشلىق پەنجىرۇداك قىشلىقىدىن (سابىق تاجىكىستان س.س.ر نىڭ پەنجەكەند رايونىغا قارايدۇ) ئۇنىڭ قەۋرىسىنى تاپقان. (قاراڭ: س.ئەينىي، ئا.دېھاتىي. «ئۇستاز رۇداكىي»، ستالىنئاباد، 1940 - يىل نەشرى) شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەللامەنىڭ تەخەللۇسى مەزكۇر قىشلاق نامىدىن ئېلىنغاندۇر.

⑭ نەسر ئىبنى ئەھمەد — سامانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىككىنچى ھۆكۈمدار مىلادىيە 864 - يىلىدىن 892 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان.

⑮ باربەد — سامانىيلاردىن خوسراۋ پەرۋىزنىڭ يېقىنلىرىدىن، مۇزىكا ئىلمىدە زور ماھارەت كۆرسەتكەن شەخس. ئۇ ئىختىرا قىلغان مۇزىكا ئەسۋابى ئۇنىڭ نامى بىلەن باربەد دەپ ئاتالغان.

⑯ مۇلىيان — قەدىمكى بۇخارا پادشاھىنىڭ مەنزىلگاھى، ئۇنىڭ ئەتراپى باغۇ بوستانلار بىلەن ئورالغان.

⑰ فەررۇخىي — ئەسلى ئىسمى ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى جۇلۇغ فەررۇخىي. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار كەم. ئې.بېرتېلس، ئە.برائۇن، يا.رىپكا ۋە باشقا داڭلىق ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ئۇ ئەسلى سىيستانلىقتۇر. كونا قولىيازما مەنبەلەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاتىسى سىيستان ھاكىمى خەلەف ئىبنى ئەھمەد سارىيىدا خىزمەت قىلغان. 1003 - يىلى بۇ مەملىكەت سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، فەررۇخىي سىيستانلىق بىر مەھەللىۋى فېئوداللىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ كۈن كەچۈرگەن. كېيىن چاغانىيان (تېرمىز) ھاكىمى ئەمىر ئەبۇلمۇزەففەر ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەدنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن غەزنەۋىيلەردىن ئەبۇ ياقۇب يۇسۇفنىڭ، ئەبۇ ئەھمەد مۇھەممەدنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان، ئاخىرىدا سۇلتان مەھمۇد سارىيىدا «مەلىكۇش - شۇئەرا» (شائىرلار شاھى) بولغان. دېمەك، ئۇنىڭ قىسمىتىمۇ شۇ زامانلاردا ئۆتكەن كۆپچىلىك ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش، زامانىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ساراي شائىرى بولۇش بولغان. بىراق، باي ئەدەبىي مىراسى شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ رەڭمۇرەڭ ژانىرلىرى (قەسىدە، غەزەل، مەرسىيە، رۇبائىي، ھەجۋ) نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنغاندەك، ئىلمىي ئەسەرلىرى ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم قوللانمىدۇر. ئاتاقلىق ئىران ئالىمى رىزاقۇلىخان ھىدايەتنىڭ كۆرسىتىشىچە، فەررۇخىي ھىجرىيە 429 ( مىلادىيە 1037 — 1038) - يىلى ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ 281 شېئىرىي ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىۋانى تېھراندا 1932 — 1957 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

⑱ ئۇنسۇرىي — غەزنەۋىيلەردىن سۇلتان مەھمۇد ۋە سۇلتان مەسئۇد (مىلادىيە 1031 - يىلىدىن 1042 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) سارىيىدا ياشىغان كاتتا شائىر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇلقاسىم ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئۇنسۇرىي بەلخىي، مىلادىيە 960 - يىلىدىن 1089 - يىلىغىچە ياشىغان.

⑲ مۇتەنەببىي — مەشھۇر ئەرەب شائىرى.

⑳ مۇئىززىي — ئەسلى ئىسمى ئەبۇ ئەبدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلمەلىك مۇئىززىي. سەلجۇقىيلاردىن مەلىكشاھ II (1105 - يىل) ۋە سۇلتان سەنجەر (1118 — 1157) سارىيىدا «مەلىكۇش - شۇئەرا»لىق مەنسىپىنى تۇتقان قەسىدىچى شائىر. رۇبائىيلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە رۇداكىينىڭ رۇبائىيلىرىدىن ئاجىز دىۋانى ساقلىنىپ قالغان. شېئىرلىرىدىن ئايرىم پارچىلار بايازلاردا (مەسىلەن، سابىق ئۆزبېكىستان س.س.ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان «مەجمۇئەلغەرايىب» ناملىق بايازدا، تىزىم نومۇرى 230 № ) ساقلىنىپ قالغان. ئەمىر مۇئىززىي 1147 - يىلى ۋاپات بولغان.

㉑ نىسا — قەدىمكى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بولۇپ، قەدىمكى پارفىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى، ئوتتۇرا ئەسىردە ۋىلايەت مەركىزى بولغان. ئاشخابادنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.

㉒ سۇلتان مەلىكشاھ — سەلجۇقىيلار سۇلالىسىدىن ئۈچىنچى ھۆكۈمدار مىلادىيە 1072 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

㉓ رۇم — ئوتتۇرا ئەسىردە ھازىرقى توركىيە ۋە گرېتسىيىنىڭ بىر قىسمى شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا)

# شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر قەدىمكى ۋەسىقىلىرى ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە

غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار

## 1

ئېلىمىز قەدىمدىن بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئېلىمىزدە خەنزۇلاردىن باشقا يەنە 55 ئاز سانلىق مىللەت بار بولۇپ، نوپۇسى 80 مىليوندىن ئارتۇق. ئۇلار گەرچە ئېلىمىز ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 8% ىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ئېلىمىز يەر مەيدانىنىڭ 60% زېمىنىنى تەشكىل قىلىدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئېلىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ تەر تۆكۈپ، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى يارىتىش جەھەتتە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. توپلاپ رەتلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ۋەسىقىلىرىمۇ مانا شۇلار جۈملىسىدىندۇر. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان 13 ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي ۋە ھازىرقى ماتېرىياللىق ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى تۆر جەھەتتىن قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىقىلەر ۋە قەغەزسىز ۋەسىقىلەر دەپ ئايرىش مۇمكىن. قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىقىلەر دېگىنىمىز ئادەتتە كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت ياكى قوليازما خاراكتېرىدە قەغەزگە يېزىلىپ ساقلانغان ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. قەغەزسىز ۋەسىقىلەر دېگىنىمىز، قەغەزدىن باشقا ماتېرىياللارغا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، مەڭگۈتاشلار، قىياتاش سىزمىلىرى، يىپەك، تارىشا، بامبۇك، دەرەخ قوۋزاقلىرى، چىغىناق ـ تاغاق قاتارلىقلارغا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن مۇھىم تارىخىي ۋەسىقىلىرى يۇقىرىقىلار ئىچىدىكى مەڭگۈتاش، يىپەك، تارىشا پۈتۈك قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدىن «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»، «تېرخىن مەڭگۈتېشى» «بايانچۇر مەڭگۈتېشى» قاتارلىق مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم تارىخىي

ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان يىپەككە كەشتىلەنگەن ۋەسىقىلەر ۋە تارىشىغا يېزىلغان پۈتۈكلەرمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ھالىتىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. تۆپلىنىش ھالىتىدىن ئۇلارنى نەشر بۇيۇملىرى ۋە نەشرسىز بۇيۇملار دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. نەشر بۇيۇملىرى دېگىنىمىز ئاساسلىقى نەشرىياتلاردا رەسمىي چاپى(نەشر) قىلىنغان، باسمىلاردا بېسىپ تارقىتىلغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. نەشرسىز بۇيۇملار دېگىنىمىز، قىيا تاش سىزمىلىرى، مەڭگۈ تاشلار، تاش ئويمىلاردىن سىرت، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، كومپيۇتېر قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارمۇ شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنى غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتۈردى. ئالاھىدىلىك جەھەتتىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى ئادەتتە كىتاب، گېزىت ــ ژۇرنال، ئىلمىي ماقالە، قولىيازما، دىسسېرتاتسىيە، گرافىك (سخېما)، يىغىن خاتىرىسى قاتارلىقلارغا ئايرىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە گېزىت ــ ژۇرناللارنىڭ سالمىقى ئەڭ كۆپ، قوللىنىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ. ۋەسىقىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسى جەھەتتىن بىرىنچى قېتىملىق ئىشلەنگەن ۋەسىقىلەر، ئىككىنچى قېتىم ئىشلەنگەن ۋەسىقىلەر، ئۈچىنچى قېتىم ئىشلەنگەن ۋەسىقىلەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش سالمىقى كۆنسايىن زورايدى. ھەر قايسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى بىلەن ئىلمىي ماقالىلار كۆپلەپ يېزىلدى، مەخسۇس مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە لۇغەت، يىلنامىگە ئائىت ۋەسىقىلەرمۇ كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقتى. خاتىرىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىل شەكىل مەۋجۇت: 1) ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەر. مەسىلەن، مەڭگۈتاشلار، قولىيازمىلار؛ 2) خەنزۇچە يېزىقتا خاتىرىلىنىپ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك چېتىلىدىغان ۋەسىقىلەر. مەسىلەن، خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار؛ 3) ئاغزاكى ئۇسۇلدا ئەۋلادمۇ ــ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن ۋەسىقىلەر. مەسىلەن، «12 مۇقام»، «ماناس»، «ئاقىنلار ئېيتىشىشى» قاتارلىقلار. يىل دەۋرى جەھەتتىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋەسىقىلىرى قەدىمكى ۋەسىقىلەر ۋە ھازىرقى ۋەسىقىلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قەدىمكى ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى ئەڭ قەدىمدىن تارتىپ ئازادلىققىچە بولغان ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) قەدىمكى يېزىقلار ۋە كلاسسىك ئەسەرلەر. مەسىلەن، قەدىمكى تۈرك ــ ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن مەڭگۈتاشلار، بۇلارنىڭ مەزمۇنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە كۆكتۈركلەرنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە كۆكتۈركلەرنىڭ تىل ــ يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ۋەسىقىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سانسكرىت يېزىقى، قاراشەھەر يېزىقى (توخرى يېزىقى)، كۇسەن يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، كۆكتۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ؛ 2) تارىختا ئۆتكەن ئالىملارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىپ يازغان بەزى ۋەسىقىلەر.

ھازىرقى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە

ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى يىغىش، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. ھازىر مەملىكەت بويىچە 26 خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى نەشرىيات ۋە تەرجىمە ئورگانلىرىدىن 21ى بار. پەقەت بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىدىلا 1953 - يىلى قۇرۇلغاندىن 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىچە ھەر خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىدا 10500 پارچە كىتاب نەشر قىلىنغان. ① گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشىغا ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپلىكىمۇ كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىش رايونى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ۋەسىقىلەر دۆلىتىمىزدە ساقلانغان ۋەسىقىلەر ۋە چەت ئەللەردە ساقلانغان ۋەسىقىلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. چەت ئەللەردە ساقلانغان ۋەسىقىلەر مۇنداق ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە تاجاۋۇزچىلىرى شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر. ئەنگلىيىلىك ستەيىن، شۋېتسارىيىلىك سۋېن ھېدىن قاتارلىق بەزى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى ۋاشىنگتون، بېرلىن، پارىژ، لوندون، توكيو، سانكت - پېتربورگ قاتارلىق شەھەرلەرگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن؛ 2) شىنجاڭدىكى بەزى مىللەتلەر چەت ئەللەردىكى بەزى مىللەتلەر بىلەن قانداشلىق جەھەتتە ئوخشاش، پەرقسىز بولغاچقا، چەت ئەللىكلەر يىغىپ توپلىغان، رەتلىگەن، تەتقىق قىلغان ۋەسىقىلەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتىدا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە؛ 3) چەت ئەللىك خەنزۇشۇناسلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، شۇ ئاساستا يېزىپ چىققان تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ۋەسىقە بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## 2

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن بۇ بايلىقلار قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ئاجىز، تەرەققىياتى ئاستا بولدى. جەمئىيەتنىڭ ۋەسىقە ئۇچۇرىغا بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئەھۋالدا، بۇ خىل سېلىشتۇرما نىسبەت تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ ھەمدە دەممۇ دەم مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋەسىقىلەر بايلىقى قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقىنى يىغىش، توپلاش، ئېچىش قۇرۇلۇشى ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم ئىش، شۇنداقلا كىتاب مەلۇماتلىرىنى توپلاشتىكى مۇھىم بىر ھالقا. ئۇنىڭ باش نىشانى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋەسىقە مەلۇماتىغا بولغان ئېھتىياجىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە، ئەڭ قولايلىق ئۇسۇل بىلەن، ئەڭ تېز سۈرئەتتە قاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقىنىڭ ئەڭ زور قىممىتىنى نامايان قىلىپ، كۆپ قاتلام، كۆپ يوللار ئارقىلىق ئۇنى شىنجاڭدىكى مىللىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ 50 نەچچە يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇتقۇزۇش تىزىملىكى ئىلگىرى يىللاردا ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىندى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئورنىنى سىياسىي جەھەتتە ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى يۆلەپلا قالماي، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىدىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ ئىش يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى. بۇ جەرياندا ئۇ تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

بىرىنچى باسقۇچ: 1949 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت. بۇ مەزگىلنى ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەسىقىلىرى قۇتقۇزۇشنىڭ باشلانغان دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشلار قايتىدىن قولغا ئېلىندى. ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى كۇتۇپخانىلار ئەسلىگە كەلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى. مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى يىغىپ، توپلاش ئەڭ جىددىي ئىشلار قاتارىدا تۇتۇلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بېيجىڭ ۋە ھەرقايسى جايلاردا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى يىغىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ھەمدە بۇنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىلدى. ئەمما، ئېلىمىز بۇ مەزگىلدە يەنىلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، دۆلەت كۈچى ئاجىز، مەبلەغ يېتەرسىز ئىدى. گەرچە، مىللەتلەر باراۋەرلىكى قارىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ئادىتى تولۇق ئۆزگەرتىلمىگەچ ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇتقۇزۇش خىزمىتى بەزىدە تۇتۇلۇپ، بەزىدە تاشلىنىپ قىلىپ، تەرەققىياتى ئاستا بولدى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1956 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت. بۇ مەزگىل شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇتقۇزۇش خىزمىتى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن. 1956 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پەن ـ تېخنىكىغا يۈرۈش قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۇتۇپخانىچىلىق ئىلمىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشكە ئېرىشىپ، يىللىق تۈزۈمدىكى مەملىكەتلىك 12 يىللىق كەلگۈسى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. كۇتۇپخانىچىلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇتقۇزۇش خىزمىتىمۇ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئۇل ئاساسىدا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى دۆلەت 700 كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئېلىمىزدىكى 16 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا زور كۆلەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەكشۈردى. بۇ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 7 ـ تارماق ئەترىتى 1957 ـ يىلى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، جەمئىيەت شەكلى، جۇغراپىيىسى، تىل-يېزىقى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ۋەسىقىلىرىنى يىغىپ توپلىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت. بۇ دۆلىتىمىز بالايى ئاپەتلىك يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن مەزگىل بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇتقۇزۇش خىزمىتى توختاپ قالدى، ھەتتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى تۈرلۈك

كۆتۈپخانىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ قىسىلچاققا كىرىپ قالدى. تارقىتىۋېتىش، بىرلەشتۈرۈۋېتىش، باشقۇرىدىغان ئادەم بولماسلىق قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى ئېغىر دەرىجىدە يوقىلىپ كەتتى ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بەزى تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان ۋەسىقىلەر «تۆت كونا» ۋە «تاشلاندۇق نەرسە» قارىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1976 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشىمۇ 10 يىللىق تۇرغۇن ھالەتتىن قايتىدىن ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللەتلەر مەسىلىسىگە قايتىدىن كۆڭۈل بۆلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كۆتۈپخانىچىلىق ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشى خىزمىتى شۇنىڭدىن كېيىن نورمال ئىزىغا چۈشۈپ تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىپ، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆز يېزىقى ۋە ۋەسىقىسى بار. خەزىنىچە خاتىرىلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاقىدار ماتېرىياللارمۇ خېلى بار. ماۋزېدوڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھەقتە توختىلىپ: ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بۇ تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇپ قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. 1979 - يىلى مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى ۋە قەدىمكى كىتابلىرىنىڭ رەتلىنىش خىزمىتىنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باش بولۇپ بىر تۇتاش پىلانلىشىغا تاپشۇردى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دەرھاللا بېيجىڭدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە 1984 - يىلى مەملىكەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، پىلانلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاز سانلىق مىللەت ۋەسىقىلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ۋەسىقىلەر ئىشخانىسى» دېيىلىدۇ)نى قۇردى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەسىقىلىرى ئىشخانىسى ياكى سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ قارىمىقىدا مەدەنىيەت - تارىخ ئىشخانىسى بار. ھازىرغىچە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە)لەردە ئۆز يېرىنىڭ «ئۈچ توپلام» («خەلق قوشاقلىرى»، «خەلق چۆچەكلىرى»، خەلق ماقال - تەمسىللىرى») تۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى، قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى پۈتۈن شىنجاڭدا قانات يېيىپ كەتتى.

ئىككىنچى، قىممەتكە ئىگە بەزى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى كاتالوگى تۈزۈلدى ۋە ۋەسىقىلەردىن

پارچىلار نەشر قىلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى 1957 - يىلى 7 - ئايدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ۋەسىقىلىرى كاتالوگى» نى ئىچكى قىسىمدا مىخ مەتبەدە بېسىپ تارقاتتى. بۇ كاتالوگتا تىل، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر 200 دىن ئارتۇق ۋەسىقە ئىچىدىن ئاپتورى، يىل دەۋرى ئېنىق بولغان، بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان 74 پارچە ۋەسىقە خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى 1962 - يىلى «شىنجاڭدىكى قەدىمكى كىتابلار كاتالوگى»نى شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتتى. بۇ كاتالوگقا شىنجاڭ مۇزېيى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار يىغىپ جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يىغقان ۋە توپلىغان ۋەسىقە ۋە قەدىمكى كىتابلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ كاتالوگقا يەنە ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە كىتابلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەسىقىلەر ئىشخانىسى 1985 - يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ رايونىدىكى ۋەسىقىلەر، قەدىمكى ئەسەرلەر كاتالوگى» (شاپىگراف نۇسخا)غا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىن يىغىپ، توپلانغان تارىخ، دىن، پەلسەپە، تىل، يېزىق، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قانۇن، ئەخلاق ۋە لۇغەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر 1010 كىتابنىڭ نامى، ئاساسىي مەزمۇنى، يېزىلغان ئورنى، تىل ئايرىمىسى، ساقلانغان ئورنى كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەسىقىلەر ئىشخانىسى 1988 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرى كاتالوگى»غا تارىخ، دىن، پەلسەپە، تىل، يېزىق، تېبابەت، ئاسترونومىيە ۋە قانۇن قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر 1500 پارچە ۋەسىقىنىڭ كاتالوگى كىرگۈزۈلگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن كېيىن خەنزۇچە ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا تۈرلۈك كاتالوگ تىپىدىكى كىتابلار ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن كۆپلەپ نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىزمەت مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قورۇلۇشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنى پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى.

ئۈچىنچى، بىر تۈركۈم نەشرىياتلار قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1951 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1953 - يىلى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1956 - يىلى قۇرۇلدى. يېڭى دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن يۇقىرىقى نەشرىياتلار شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ مىللەتلەر نەشرىياتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئالايلۇق، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى، ئىلى قازاق نەشرىياتى (ئورنى كۈيتۇندە)، چاپچال شىبە نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى قاتارلىقلار. بۇ نەشرىياتلارنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە شۇ جايدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم

هالقىلىق مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا دۆلەت ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. 1987 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە 23 ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نەشرىياتلاردا 3157 خىل كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ، تىراژى 4 مىليون 180 مىڭغا يەتكەن. ②

تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى گېزىت - ژۇرناللار كۆپلەپ نەشر قىلىندى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، «مىللەتلەر نەزەرىيىسى تەتقىقاتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» (كېيىن نامى «جۇڭگو مىللەتلىرى»گە ئۆزگەرتىلدى)، «مىللەتلەر مەدەنىيىتى»، «مىللەتلەر مائارىپى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» (كېيىن نامى «جۇڭگو مىللەتلىرى»گە ئۆزگەرتىلدى)، «مىللەتلەر خىزمىتى» قاتارلىقلاردىن تاشقىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ، قازاقچە)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە)، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە، قازاقچە)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «مۇنبەر» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «مىللەت ۋە دىن» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «بۇلاق» (ئۇيغۇرچە)، «تارىم» (ئۇيغۇرچە)، «شۇغىلا» (قازاقچە)، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» (قىرغىزچە)، «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، شىبەچە)، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «ئاسىيا كىندىكى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) «ئىلى كەچلىك گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە...) قاتارلىق ئىلمىي، كەسپىي گېزىت - ژۇرناللار مەيدانغا كەلدى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ۋە گېزىتلىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ۋە نازارەت - ئىدارىلەردىكى كەسپىي، ئەدەبىي گېزىت - ژۇرناللار بىلەن بۇ قوشۇن تېخىمۇ زورايدى.

يۇقىرىقىلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر. ئومۇمىي گەۋدىدىن ئالغاندا، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى قۇرۇلۇشى مەيلى سۈرئەت جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن يەنىلا مەلۇم ئارىلىقنى ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3

ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكى ۋە بازار رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى، تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر شىركەتلىرى، مەسلىھەت بېرىش كەسپىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشى يېڭىچە تاللاشلارغا دۇچ كەلدى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە ماسلىشىش ئۈچۈن مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشىنى ئۇنىۋېرساللىقا، ماسلىشىشچانلىققا، كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلغان ۋە ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرغان مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتىكى ئىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز زۆرۈر.

بىرىنچىدىن، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ

چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشى ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي قالدى. ھازىر قىممىتى يۇقىرىراق بەزى قىممەتلىك مىراسلار تېخى تولۇق يىغىۋېلىنمىدى. خەلق ئارىسىدىكى بەزى ۋەسىقىلەر تولۇق قېزىلمىدى، يىغىلمىدى ۋە رەتلەنمىدى،ھەتتا خاتىرىگىمۇ ئېلىنمىدى. بەزى ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن مىراسلار شۇنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كېتىپ قىلىشى تۈپەيلى يوقۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور يوقىتىش بولىدۇ.

شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ قېزىش، يىغىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنى بوشاشتۇرماي، بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى بىلەن، ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا كۇتۇپخانىلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى، تەتقىقات ئورنى، ئورگان، مەكتەپ قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرى ئورۇنلىرى قول سېلىپ ئىشلىشى كېرەك. كونكرېت ئىشلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىن ئىشلىشى كېرەك: 1) خەلق ئارىسىدىكى ۋەسىقىلەرنى يىغىش، توپلاش ۋە رەتلەش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشنى ئاساس قىلىش؛ 2) ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىت، خانىقا، ئىبادەتخانا ۋە ھەر دەرىجىلىك دىنىي زاتلاردىن يىغىشنى ئاساس قىلىش؛ 3) شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىپ قالغان سىزما، سىخېما ۋە ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، چۆچەكلەر ئارىسىدىن يىغىشنى ئاساس قىلىش؛ 4) شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى شەجەرە، نەسەپنامىلەر ئارىسىدىن يىغىشنى ئاساس قىلىش؛ 5) شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر ئارىسىدىن يىغىشنى ئاساس قىلىش؛ 6) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارىسىدىن يىغىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام ۋە كۆپ يوللار ئارقىلىق يىغىپ، توپلىغاندىلا، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ چوڭقۇر نۇقتىدىن يىغىپ توپلىغىلى شۇنداقلا ئۇنىڭ ماددىي ئاساسىنى پۇختا سالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەسىقە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنى ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلىرى بولغاچقا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرى ئاساسەن شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان، شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەرنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. ھازىر تۆۋەندىن ۋەسىقە يىغىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتى يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئارىدىكى ئىشلار تېخىمۇ قولايلاشتى. ھەرقانداق ۋەسىقىنى، يېزىق، ئاۋاز، سۈرەت بويىچە توپلاش غايىۋى ئىش بولماي قالدى. لېكىن، شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھەر بىر تارماق، ھەر بىر كىشى ۋەسىقە توپلىغاندا، ئامال بار

ۋەسىقىنى ئەسلى ھالىتى، يەنى ئەسلى ئىشلىتىلگەن تىل، رايون، ۋارىيانت بويىچە ئېلان قىلىشى، بۇ ۋەسىقىدىن باشقىلارمۇ ئورتاق پايدىلىنىشى ياكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشكە قولايلىق يارىتىلىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال پىلانلاش كېرەك. 50 نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقى قۇرۇلۇشى خىزمىتى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقىنىڭ تارقىلىشىنىڭ تەكشىسىز بولۇشى، تەكرار ئىسراپچىلىق، ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆزئارا ماسلىشىش يېتەرسىز بولۇش، ۋەسىقىلەرنىڭ باھاسى زىيادە يۇقىرى بولۇش (مەبلەغ كەمچىل بولۇۋاتقان شارائىتتا بۇ ھادىسە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ) دېگەندەك مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. مىللەتلەر ۋەسىقىلىرى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلاشتا، مۇنداق بىرنەچچە پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك: 1) مىللەتلەر ۋەسىقىسى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش چوقۇم ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك؛ 2) مىللەتلەر ۋەسىقىسى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش چوقۇم ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى كېرەك؛ 3) مىللەتلەر ۋەسىقىسى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش چوقۇم شىنجاڭنىڭ پەن، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ 4) مىللەتلەر ۋەسىقىسى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش چوقۇم ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە بايلىقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

ئىزاھلار:

[1] ما يەنىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە ساۋات»، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى، 532 ـ بەت

[2] ياڭ جىڭپېڭ: «جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدىكى خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1989 ـ يىللىق 5 ـ سان، 48 ـ بەت

[1] 马寅主编：《中国少数民族常识》，中国青年出版社，第532页

[2] 杨荆蓬：《中国现代化建设中汉族和少数民族关系的几个问题》，《民族研究》，1989年第5期，第48页

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئورنىدا)





# «قىسسەسۇل - غەرايىب»نىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدا

سابىت روزى

مەن 1984 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى گۇييائڭغا باردىم. ئاكادېمىيىمىز بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا مەلۇم بىر ئۇيغۇر تارىخچىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ قالدۇرغان ئەسىرىنىڭ گۇيجۇ ئۆلكىسىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. بۇ ئەسەرنىڭ گۇيجۇ ئۆلكىسىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى بىزنى قىزىقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايسى ئورۇندا، كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى.

مەن گۇيجۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشى ۋە كۆچلۈك مەدەت بېرىشى، گۇيجۇ ئۆلكىلىك يەرلىك تەزكىرە يېزىش كومىتېتى ھەم گۇيجۇ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىدىكى يولداشلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا بۇ ئەسەرنى تېپىشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

مەن ئالاقىلاشماقچى بولغان كىشى گۇيجۇ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ليۇ رۇڭزۇ ئەپەندى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، چېڭدۇ شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قەيەردە، كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. كۆپ قېتىملىق سۈرۈشتۈرۈش ۋە ئەھۋال ئىگىلەشتىن كېيىن گۇيجۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدىكى خې گۇاڭجيەن (何广键) ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىقى مەلۇم بولدى. مەن 74 ياشلىق خې گۇاڭجيەن ئەپەندىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا، بۇ ئەسەرنىڭ يېقىنقى يىللارغىچە گۇيجۇ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىپ كەلگەنلىكى، يېقىندا ليۇ رۇڭزۇ ئەپەندىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىغا خەت يېزىپ، بۇ ئەسەرنى تېپىپ خې گۇاڭجيەن ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىغانلىقى ۋە خې گۇاڭجيەن ئەپەندىنىڭ ئۆزىگىمۇ خەت يېزىپ بۇ ئەسەرنى ئوبدان ساقلاپ قويۇشنى ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق بولغانىكەن: «قىسسەسۇل - غەرايىب» ناملىق بۇ ئەسەر 1949 - يىلى 21 - يانۋاردىن ھازىرغىچە سابىق گۇيجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ۋە گۇيجۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى (ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى گۇيجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئازادلىقتىن كېيىن گۇيجۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن، لېكىن شۇ كەمگىچە بۇ ئەسەرنى ھېچكىم چېقىلقتۇرمىغان. 1981 - يىلى كۇتۇپخانا ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان كونا كىتابلارنى

تۇرلەرگە ئايرىپ رەتلەش جەريانىدا گۇيجۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىنىڭ پېشقەدەم خادىمى خې گۋاڭجيەن ئەپەندى بۇ كىتابنى كۆرۈپ قالغان. ئەمما ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بىلەلمىگەن. بۇ كىتابنى سابىق گۇيجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور لى دۇڭفاڭ ئەپەندى 1940 ـ يىللاردا شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىپ، 1949 ـ يىلى 21 ـ يانۋار كۇنى گۇيجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلغانىكەن. لى دۇڭفاڭ ئەپەندى كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى («قىسەسۇل ـ غەرايىب») توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن، پەقەت بىر ۋاراق ئىش قەغىزنىڭ ئۇستىگە موي قەلەم بىلەن 成吉思汗及其后裔 (چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى) دېگەن خەتلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ قويغان. خې گۋاڭجيەن ئەپەندى مۇشۇ خەتلەرگە قاراپ، بۇ موڭغۇل تارىخى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۇنى گۇيجۇ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ليۇ رۇڭزۇ ئەپەندىگە كۆرسەتكەن. ليۇ رۇڭزۇ بۇ «ئۆلۈك كىتاب» نى «جانلىق كىتاب» قا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە خې گۋاڭجيەن ئەپەندىدىن ئېلىپ گۇيجۇ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىدا ساقلىغان ۋە ئۆزى بېيجىڭغا بارغاندا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆرسەتمەكچى ياكى قېرىنداش ئۆلكىلەردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا كۆرسىتىپ ئېنىقلاپ كۆرمەكچى بولغان. مانا شۇنداق بىر پەيتتە، 1982 ـ يىلى تەييۇەندە ئېچىلغان بىر يىغىندا ليۇ رۇڭزۇ ئەپەندى ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقان.

مەن بۇ كىتابنى خې گۋاڭجيەن ئەپەندى ئارقىلىق گۇيجۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئۇچ كۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىقتىم. ئېرىشلگەن بۇ كىتاب قولىيازما نۇسخا بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن خەتتى فارسى شەكلىدە يېزىلغان. ئالدىراپ يېزىلغانلىقتىن بەزى جايلار ۋە بەتنىڭ ھاشىيىسىگە يېزىلغان جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەتلەر ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق يېزىلغان. كىتابنىڭ ھەجمى 33×32 س. م بولۇپ، جەمئىي 306 بەت. نورمال يېزىلغان قىسمى ھەربىر بەتكە 15 قۇردىن يېزىلغان. كىتاب قەدىمىي قولىيازما نۇسخىلارنىڭ شەكلىدە قارا كۆك رەڭدىكى گۇللۇك قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، باش قىسمىدىكى بەزى كەم بەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىتاب ئاساسەن تولۇق ساقلانغان. بەتلىرى ئوبدان ئاسرالغان، بەزى بەتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى يىرتىلغان يەرلىرى خوتەن قەغىزى بىلەن يەملىنىپ تولۇقلانغان. ئۆچۈپ كەتكەن ياكى يىرتىلىپ بۇزۇلغان ئەھۋاللار يوق. مۇقاۋىنىڭ ئازراق ئاجراپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. كىتاب ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب (ئۇلاش ئۇسلۇبى ــ كېيىنكى بەتنىڭ بىرىنچى سۆزىنى ئالدىنقى بەتنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇش ئۇسۇلى) بىلەن يېزىلغاچقا، بەت نومۇر قويۇلمىغان. بۇ قېتىم مەن كىتابنى كۆرۈش جەريانىدا قارا سىياھ بىلەن بەت نومۇرىنى سېلىپ قويدۇم.

كىتاب جەمئىي ئۇچ قىسمغا بۆلۈنگەن.

بىرىنچى قىسمىدا، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تاكى چىڭگىزخانغىچە بولغان نەسەب تەرتىۋى ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ داستانىي تەپسىلاتى (كىتابنىڭ ئالدىنقى بىرقانچە بېتى يوقالغان بولۇپ، 9 ـ بەتتىن 130 ـ بەتكىچە داۋام قىلىدۇ) بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمىدا چىڭگىزخاندىن تاكى ھۇمايۇن پادشاھ (ئىبنى بابۇر) غىچە بولغان ۋەقەلەر (131 ـ بەتتىن 282 ـ بەتكىچە) بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ بۇ قىسمى ئۆز ئىچىدە يەنە ئىككى

قىسمىغا ئايرىلغان بولۇپ، ئالدىنقى قىسمىدا چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى نەسەبى، ئەۋلادى ۋە جەڭ مۇقابەلەسىنىڭ بايانى (131 ـ بەتتىن 187 ـ بەتكىچە)، كېيىنكى قىسمىدا ھۇمايۇن پادىشاھ نەسەبىنىڭ تەپسىلىي بايانى (189 ـ بەتتىن 282 ـ بەتكىچە) بېرىلگەن. بۇ قىسمىدا باشتىن ـ ئاخىر ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىنغان بولۇپ، بۇ قىسمىنىڭ ئاخىرى ئۇزۇن نەزم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

ئۈچىنچى قىسمىدا ئالەمدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەرنىڭ بايانى (283 ـ بەتتىن 306 ـ بەتكىچە) بېرىلگەن. بۇ قىسمىدا ئەپسانىۋى ھېكايىلەر ۋە ۋەقەلىكلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، كىتاب شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان.

كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى خوتەن ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان. ئاپتور ئەسىرىدە ئۆزى ھەققىدە ھېچقانچە مەلۇمات بەرمەيدۇ. بىز پەقەت كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا بەل باغلىغانلىقى ھەققىدىكى قۇرلاردىن بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتور مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ شۇ چاغلاردا خوتەن ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭغا تارىخ كىتابلىرىنىڭ يوقلىقىدىن كىشىلەرنىڭ تارىختىن خەۋەرسىز قالغانلىقى ۋە شۇنداق بىر تارىخ كىتابلىرىنىڭ يېزىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتقان بولسا كېرەك. مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگكە شۇنداق بىر تارىخ كىتابى يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇغان. ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ پارس تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ماتېرىياللار ئېلىپ بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ھېكايەتلەر نەچچىلىگەن كىتابلاردىن ئېلىنىدى، لېكىن ئۇلار جاي ـ جايىغا كەلتۈرۈلۈپ ئۇلاپ بېرىلدى. چۈنكى، بۇ ھېكايەتلەر پارس تىلىدا ئىدى، ھەممىسى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.» (قولىيازما نۇسخا، 187 ـ بەت).

بۇ ئەسەر قانداق شارائىت ئاستىدا يېزىلغان ۋە ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن «قىسەسۇل ـ غەرايىب» دەپ ئات قويۇلغان؟ بۇ ھەقتە ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا بىر قانچە بەتلەرنى ئاجرىتىپ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانى توغرىسىدا كىتابخانلارنى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك قۇرلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە نەقىل كەلتۈرىمەن:

«... بۇ نامسىز چەت سەھرادىكى نادانلىقنىڭ تۇيغۇسىز ۋە ئىدراكسىزلىكى بىلەن تولغان ئاجىز، بىچارە مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ... شۇنداق ئەرز قىلىپتۇركىم، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە كامالەتكە يېتىشكەن جامائەتكە ئوچۇق مەلۇمدۇركى، دىنىي ئىلىملەردىن قالسا، خەۋەرلەر ۋە قىسسىلەر ھەققىدىكى پەن ھەممە ئىلىملەرنىڭ ياخشىسىدۇر. چۈنكى، كۆپ پايدىلار نەتىجىسى ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولۇپ، كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنىڭ ھاسىل قىلىنىشى ئۇنىڭغا باغلىقتۇر. شۇ جۈملىدىن قەدىمكى زامان ئەھۋالاتى ۋە ئۇ زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئالەم ھادىسىلىرىنى بىلىش، پادىشاھلارنىڭ ئۆتمۈش ئەھۋاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنسەپ ـ ئۇلۇغلۇقلىرى، نۇقسان ـ كەمچىلىكلىرى، زاۋالغا يۈز تۇتۇشلىرى ھەققىدىكى قىسسىلەردىن ۋاقىپ بولۇش كىشىنى ئىبرەت ئېلىشقا ۋە سەزگۈر بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. خۇدانىڭ قەھرى ـ غەزىپىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى تۈگىمەس بالا ـ قازا، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئىلىم قورقۇنۇچلۇق يىغا، تەۋۋا قىلىش، يېلىنىشلاردىن ئويغىنىش ۋاستىسى بولىدىغان

بولسا، قىسسىلەر ھەققىدىكى پەنلەر پايدىدىن خالىي ۋە نەتىجىدىن يىراق ئەمەستۇر. مەملىكەتنىڭ ھۆكۈمرانى، ئەمىر دۆلەتنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئېسىللىك بوستانىنىڭ ئېگىز سەرۋ دەرىخى، دۆلەت گۈلىستانىنىڭ تۇتى گوياسى، ئىززەت تەختىنىڭ پادىشاھ ئالىي مەقامى، بۈيۈكلۈك قۇۋمىنىڭ ھۆرمەتلىك ئەمىرى، ئۇلۇغلۇق دەۋرىنىڭ ئالىي جانابى، شاراپەت شەھىرىنىڭ ئاپتاپى، شەۋكەتنىڭ دەستىگاھى، پايتەخت خوتەن ھۆكۈمرانى (خۇدا ئۇنى بالايى - ئاپەت، پىتنىلەردىن ساقلىغاي!)، ئوچۇق كۆڭۈل، ساغلام تەبىئەتلىك مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭ ھاكىم بېگىم (دۆلىتى زىيادە بولسۇن!) بۇ پەقىرگە تاسادىپىي شۇنداق ئىشارەت ئالىي قىلدىلەر كىم، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن خانلارغىچە تۈزۈلگەن ھېكايەت مەلۇم ئەمەس، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى قىسسىلەردىن ھەممە بىخەۋەر قاپتۇ، ئەگەر ھەزرىتى ئادەمدىن تارتىپ تاكى خانلار دەۋرىگىچە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە نەسەبلەر بايان قىلىنغان ۋە ئۆتكەن ھادىسىلەر ۋەقەلەرنىڭ داستانى يېزىلغان ئاجايىپ ئىشلار ۋە دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ۋەقەلەر، ئىنسان باللىرى ئىچىدىن چىققان لەتىپىچىلەرنىڭ لەتىپىلىرى ۋە قىزىقچىلىقلىرى بايان قىلىنغان بىر كىتاب بولسا ياخشى بولاتتى. تاكى بىزگە تۇرمۇشتىكى مالاللىقلارنى يوقىتىشىمىز ئۈچۈن جاھان سەھىپىسىدە يادىكار بولسۇن، دېدى. گەرچە بۇ ئىشنى ئادا قىلىشقا ئۆزۈمدە لاياقەت ۋە قۇدرەت يوقلۇقىنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى ئادەمدىن تاكى خانلارغىچە تەرتىپكە سېلىنىپ بايان قىلىنغان ئەسەر نە تۈركىي، نە فارسىي ئالەم سەھىپىسىدە يوق ئىدى. ئامما بۇ ئىشقا بۇيرۇلغان ئىدىم، ئاجىزلىق يۈز بەردى، ئەمىر ئالىيلىرىغا ئەگىشىش ۋاجىپ ۋە لازىم كۆرۈندى. بۇ ساھەدە تىرىشىپ نەچچىلىگەن كىتابلاردىن ھېكايەتلەرنى تاللاپ ئېلىپ بىر - بىرىگە باغلاشتىن باشقا ئۇسۇل ۋە ئىلاج تېپىلمىدى. پارس تىلىدىكى كىتابلاردىن «تارىخىي ئەكبەرىي»، «رەۋزەتۇل - جىنان» (جەننەت باغچىلىرى)، «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى) ۋە «نىگارىستان» قاتارلىق كىتابلاردا بۇ ھېكايەتلەر تارقاق ھالدا يېزىلغان، ئورۇن مۇناسىۋىتى بىلەن بەزىدە تەخمىنەن خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ تارقاق ھېكايەتلەر ئۆزۈن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ تاللىۋېلىندى ۋە ئاندىن كېيىن بىر - بىرىگە باغلاپ تەرتىپكە سېلىندى. بۇ كىتاب ئۈچ قىسىم قىلىپ تۈزۈلدى، ئاۋۋالقى قىسىمدا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا چىڭگىزخانغىچە زىكىر قىلىندى. ئىككىنچى قىسىمدا چىڭگىزخاندىن تا ھۇمايۇن پادىشاھ (ئىبنى بابۇر) غىچە بايان قىلىندى. ئۈچىنچى قىسمى ئالەمدىكى ئاجايىپ ئىشلار، ئۇ زاماندىكى ھادىسىلەر ۋە تېۋىپلارنىڭ زېرەكلىكى، قىزىقچىلىقى ھەققىدىكى لەتىپىلەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. بۇ كىتابقا «قىسەسۇل - غەرايىب» دەپ ئات قويۇلدى. كىتابنى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىلتىماس شۇكى، بۇ مەجمۇئەدە ھەرقانداق نۇقسان ۋە خاتالىقلار كۆرۈلسە ئەپۇ قىلغايلار، كۆزنى يۇمۇپ ئۆتكەيلەر، تۈزىتىش، گۈزەللىك بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەپ چوڭ ساۋاب تاپقايلار، تەنە مالامەت ئوقىنى بۇ پەقىرگە ئاتمىغايلار ۋە كەمىنىلىرىگە دۇئايى خەيرنى ئۇنتۇمىغايلار.» (يازما نۇسخا 1 -، 2 -، 3 -، 4 - بەتلەر).

بۇ قۇرلاردىن كېيىن ئاپتور نەزم تۈزگەن. گۈزەل ئۇسلۇب، پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن شېئىرىي مىسرالىرىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇنداق ئەسەرنى يېزىشقا لاياقىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكى ۋە قۇدرىتىنىڭمۇ يەتمەيدىغانلىقى، لېكىن خوتەن ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭ تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇنى قىلماي بولمايدىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئاپتور نەزمىنىڭ داۋامىدا يەنە، ھاكىمنىڭ ساڭا بىر ئىشنى بۇيرۇيمەن، سەن ئۇنىڭغا كۆشىش

قىلغايسەن. ئىش بۇ كىم بىر كىتاب يازغايسەن، ئۇنىڭ شەكلىنى شۇنداق كەلتۈرگىنكى، ئادەم زامانىدىن تارتىپ تاكى خانلارغىچە بولغان قىسسەلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ كىتاب سەھىپىسىگە يازغىن، بۇ بىزلەرگە يادىكار بولسۇن دېگەنلىكى، ئاپتور بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئېتىبار بىلەن قەدەم قويغانلىقىنى يازىدۇ. ئاپتور نەزمىنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

ئىلكىمە دەفئەتەن ئالىب خامە ①
ئەزم قىلدىم يازارغا ھەنگامە ②
ھەقدىن ئۈشبۇ دۇرۇر ماڭا ئۈممىد
تاپقاي ئىتمام ③ ئەيلەبان تەسۋىد ④
ئول مەھەلكىم تەمامىغە يەتكەي
شاھ كۆرۈپ بارچەسىن قەبۇل ئەتكەي
ئەمدى سۆز رىشتەسىن نىيازى ئۈز
قىسسە پەردازلىق تەرىقىن تۈز
ئەسىل مەقسەدكە قىلغىل ئەمدى رۇجۇئ ⑤
داستانگۈيلۇقغە ئەيلە شۇرۇئ ⑥
(يازما نۇسخا 5 ـ، 6 ـ بەتلەر).

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن بايان ۋە نەزمىلەردىن ئاپتور مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ بۇ ئەسەرنى نېمە ئۈچۈن، قانداق شارائىتتا يازغانلىقىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە «قىسسەسۇل ـ غەرايىب» نىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزدە ھازىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ باشقا ھەرقانداق بىر نۇسخىسىنىڭ ئۇچرىتىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. كىتابنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى توغرىسىدا قوليازمىنىڭ ئىككى جايىدا مەلۇمات بار. ئۇنىڭ بىرى 187 ـ بەتتە بولۇپ، «تارىخقا مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك يەتتە يىلان يىلى رەجەپ ئايىنىڭ يىگىرمە تۆتى ئازنا كۈنى تامامىغا يەتتى» دېيىلگەن. يەنە بىرى، 282 ـ بەتتە بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۈشبۇ كىتاب تارىخ مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش تۆت ياركەند ھېسابى ئىت يىلى جامادىلئاخىر ئايىنىڭ يىگىرمە بەشى پەيشەنبە كۈنى تامام بولغان» دېيىلگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى لېنىنگراد (سانكىت پېتېربۇرگ) بۆلۈمىدە «قىسسەسۇل ـ غەرايىب» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى ساقلانماقتا. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ بولۇپ، خوتەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھىجرىيە 1268 ـ يىلى (مىلادىيە 1851 — 1852 ـ يىللىرى) ياركەند (يەكەن) رايونىدا تۈزۈلگەن. ئەسەر 129 ۋاراق بولۇپ، ياۋروپا قەغىزىگە قارا ۋە قىزىل سىياھ بىلەن خەتتى نەستەلىك شەكلىدە يېزىلغان. لېكىن قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن ⑦. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مەملىكىتىمىزدە تېپىلغان نۇسخا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى تۈزۈشتە ئوخشاشلا «تارىخى ئەكبەرى»، «رەۋزەتۇل ـ جىنان»، «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» ۋە «نىگارىستان» قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلانغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ئىككى ئەسەر بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرى بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقىنى ئۇنىڭ 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان نۇسخىسى بولسا كېرەك.

«قىسسەسۇل ـ غەرايىب» نىڭ ئاپتورى ھەققىدە بىز ھازىر تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىز

ئاپتورنىڭ ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدە بۇ ئەسەرنى قانداق شارائىتتا يازغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ خوتەنلىك بولۇپ، خوتەن ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭ ئىبنى ئابدۇراخمان ۋاڭ بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئاپتور (مۇھەممەد نىياز ئاخۇن) نىڭ تېۋىپ ئىكەنلىكى، زامانىسىنىڭ بىلىملىك كىشىسى ئىكەنلىكى ۋە ھەرخىل تارىخ كىتابلىرىنى يازغانلىقى ھەم تەرجىمە قىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ ئاتاغلىق تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن «تارىخىي رەشىدىي» نىڭ 1 ـ، 2 ـ توملىرىنى تەرجىمە قىلغان، ھەربىر تومغا نەزم بىلەن ئۇزۇن كىرىش سۆز بەرگەن. «تارىخىي رەشىدىي» نىڭ 4 ـ قىسمىنىڭ ئاخىرىغا: «بۇ كىتاب «تارىخىي رەشىدىي» نىڭ 4 ـ قىسمىدۇر. مەمەت [مۇھەممەد] نىياز ئاخۇن ئۇنى ھەزرىتى ئالىيلىرى مەمەت [مۇھەممەد] ئەزىز ۋاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن فارس تىلىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان» دەپ يازغان بولۇپ، بۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا «نىيازى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن نەزمىدىمۇ «نىيازى» تەخەللۇسنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن مەلۇم بولىدۇكى، مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ ئۆز زامانىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخشۇناس، تەرجىمان، شائىر ۋە تېۋىپتۇر. ئۇنىڭ تارىخ ساھەسىدىكى ئەسەرلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى، شېئىرىي دىۋانلىرى بار. تېبابەت ئىلمىگە دائىر كىتابلىرى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس.

«قىسەسۇل ـ غەرايىب» ئاپتورنىڭ نۇرغۇنلىغان تارىخىي كىتابلاردىن پايدىلىنىپ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بىز ئېرىشكەن بۇ نۇسخا ھازىر گۈيجۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئەسەرنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن گۈيجۇلۇق دوستلارغا مىننەتدارلىق بىلدۇرىمىز. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ماتېرىيال فوندىغا قويۇلدى. مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ ئەسەرلىرىنى تېپىش، رەتلەش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش تارىخچىلىرىمىز ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

ئىزاھاتلار

① خامە ــ قەلەم.
② ھەنگامە ــ پاراڭلاشماق، سۆھبەتلەشمەك، ھېكايە، ۋەقە.
③ ئىتمام ــ تاماملاش، ئاخىرىغا يەتكۈزۈش.
④ تەسۋىد ــ يېزىش.
⑤ رۇجۇئ ــ مەقسەتكە قايتىش، يېنىش.
⑥ شۇرۇئ ــ كىرىشىش، باشلاش.
⑦ ئا. م. مۇگىنوۋ. «ئۇيغۇر قوليازمىلىرىنى تونۇشتۇرۇش» (كاتالوگ) 149 ـ بەت. 1962 ـ يىل، موسكۋا، شەرق ئەدەبىياتى نەشرىياتى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



# چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

## قۇتلۇغيار سوفىنىڭ ئوغلى ئۇمەر يۈزبېشىنىڭ بەزى مال - مۈلۈكلەر ھەققىدە ئوغلى مۇھەممەدتوختى شاڭيوغا بەرگەن گۇۋاھلىق ھۆججىتى



ترانسكرىپسىيىسى:

تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز توقسان سەككىز مۇرغ يىلى رەبىئەل - ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئون يەتتەسى ئېردى، مەنكى بىجاغلىق قۇتلۇغيار سوفىنىڭ ئوغلى ئۇمەر يۈزباشىدۇرمەن. ئىقرارى شەرئىي قىلدىمكى، ئوغلۇم مۇھەممەدتوختە شاڭيو ئۆزى ئەۋقات قىلىپ، ئۆز دەستىدىن تاپقان فۇلغە توخسۇدا ئىككى فارچە يەر بىجاقدا بىر فارچە ۋە يەنە بىجاقدا بىر فارچە يەر جەمئى تۆرت فارچە يەرنى ئۆز ئاتىدا مۇھر قىلدۇرۇپ ئالغان ئىدى. مۇنۇڭغە مېنىڭ ۋە خاھ ئۆزگە بالالارىمنىڭ مۇتلەق ھەققىمىز قوشۇلمادى ۋە يەنە مۇھەممەد توختەشاڭيونىڭ تۇتۇغلۇق ئۆي - بارق، ئۆي سەرەنجام، نەقد فۇل، جاندار قاتارلىق ھەممە نەرسە كېرەكلەرى ئۆزىنىڭ، مېنىڭ ھەققىم يوق ۋە يەنە

قولۇمداكى توققۇز ئېشەكلەرىمنى توقۇم، ئاغرامچى، جابدۇغلارى قوشۇلۇپ غەيرى ھېسابى مىڭ تەڭگە فۇلغە بەيئى قىلىپ مۇھەممەدتوختە شاڭيو ئوغلۇمغە ساتتىم، فۇلنى قولۇمغە تافشۇرۇپ ئالدىم ۋە يەنە ئۆزۇم بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ئۆي ـ بارقلارىنى يىللىق ئىجارەسىنى ئون بەش تەڭگەغە توختاتىپ، ئىجارەغە ئالىپ ئولتۇردۇم. مەندىن كېيىن قالغاندا ئۆزگە بالالارىمدىن بىردەبىرسى مۇھەممەدتوختە شاڭيونىڭ قولىداكى ئەشيائ، يەر، سۇ ،فۇل، جاندار، مۇلكۇ ئەملاكلاردا «بىزلەرنىڭ» ۋە خاھ «ئاتامىز ئۆمەر يۇز باشىنىڭ ھەققى بار ئىدى» دەپ سۆز تاپىپ، دەئۋا ـ دەستۇر قىلىسە ئەندەل ـ شەرئ باتىل بولسۇن، دەپ مۇھرلۇك خەت قىلىپ بەردىم. گاڭشۇينىڭ يەتتىنچى يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئون يەتتەسى.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان سەككىز توخۇ يىلى رەبىيەل ـ ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى① ئىدى، مەنكى بىجاقلىق قۇتلۇغيار سۇفىنىڭ ئوغلى ئۆمەر يۈزبېشىدۇرمەن. شەرىئەتتە شۇنداق ئىقرار قىلدىمكى، ئوغلۇم مۇھەممەدتوختى شاڭيو ئۆزى ئوقەت قىلىپ ئۆز قولى بىلەن تاپقان پۇلغا توقسۇدا ئىككى پارچە يەر، بىجاقدا بىر پارچە ۋە يەنە بىجاقدا بىر پارچە يەر جەمئىي تۆت پارچە يەرنى ئۆز ئېتىدا مۆھۈر قىلدۇرۇپ، ئالغانىدى. بۇنىڭغا مېنىڭ ۋە ياكى باشقا باللىرىمنىڭ مۇتلەق ھەقىقمىز قوشۇلمىدى. يەنە مۇھەممەدتوختى شاڭيونىڭ تۇتۇۋاتقان ئۆيىۋاق، ئۆي سەرەنجام، نەق پۇل، جانىۋار قاتارلىق ھەممە نەرسە كېرەكلىرى ئۆزىنىڭ، مېنىڭ ھەققىم يوق. يەنە قولۇمدىكى توققۇز ئېشىكىمنى توقۇم، ئارغامچا، جابدۇقلىرى بىلەن قوشۇپ مىڭ تەڭگە پۇلغا سودا قىلىپ، غەيرى ھېسابىدا مۇھەممەد توختى شاڭيو ئوغلۇمغا سېتىپ، پۇلنى قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم. يەنە ئۆزۈم ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئۆيۋاقلارنى يىللىق ئىجارىسىنى ئون بەش تەڭگىگە توختىتىپ، ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇم. مەندىن كېيىن قالغاندا باشقا باللىرىمدىن بىرەرسى مۇھەممەدتوختى شاڭيونىڭ قولىدىكى نەرسىلەر، يەر، سۇ، پۇل، جانىۋار قاتارلىق مال ـ مۈلۈكلەردە «بىزنىڭ» ۋە ياكى «ئاتىمىز ئۆمەر يۈزبېشىنىڭ ھەققى بار ئىدى» دەپ سۆز تېپىپ، دەۋا ـ دەستۇر قىلسا، شەرىئەتتە سۆزى ئۆتمىسۇن دەپ، مۆھۈرلۈك خەت قىلىپ بەردىم. گاڭشۈينىڭ يەتتىنچى يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىسى.②

## موللا مەمەت، موللا يۈسۈفلارنىڭ ئالتە چارەكلىك يېرىنى ھامىد خوجىغا ئون تەڭگىگە ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

ترانسكرېپسىيسى:

تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئىككى يولبارس يىلى ماھى شەرىف رەمەزاننىڭ ئىككىسى ئازىنە كۈنى، بىزلەركى موللا مەمەت، موللا يۈسۈفلاردۇرمىز. ئانداغ ئىقرارى سەرىھ قىلدۇقكى بادامسىيا ئۆستەڭى تۇربەت مەۋزىئىداقى تەخمىنەن ئالتە چارەكلىك يېرىمىزنى ھامىد خاجەغە ئون تەڭگەگە بەيئى

---

① ھىجرىيىنىڭ 1298 ـ يىلى رەبىيەل ـ ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1881 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

② قولىيازمىدا گاڭشۈينىڭ يەتتىنچى يىلى دەپ يېزىلغان. بۇ گۇاڭشۈينىڭ يەتتىنچى يىلى يەنى 1882 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ بېشىغا يېزىلغان ھىجرىيە ۋاقتى بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا گۇاڭشۈي يىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدا بىر يىل يىگىرمە تۆت كۈن پەرق بار. بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.



قىلىپ خەتتەئى مۆھۆر بېرىپ ئىدۇق. ئەلھال مەزكۇر يەرنىڭ «مۆھۆرى يىتىپ كەتتى. يەنە ئەلاھىدە خەتتى مۆھۆر بېرىڭلەر» دەپ خەتتى مۆھۆر تەلەب قىلىپ، بىزلەركى مەزكۇر بايىئلاردۇرمىز مەزكۇر يەرنى مەزكۇر ھامىد خاجەغە بەيئى سابىقغە ئىقرار بولۇپ، ئۆزتىلىمىزدىن مۆھۆرلۇغ خەت بەردۇك. مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربەئەسى: مەشرىق تەرەفى موللا توختەسۇننىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئورەك؛ شىمال تەرەفى ئەفزەلنىڭ ۋەرەسەلەرىنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئايرىق؛ مەغرىب تەرەفى ئەلىم خاجەنىڭ ۋەرەسەلەرىنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئورەك؛ جەنۇب تەرەفى موللا ئەبدۇرەھىم، موللا سىددىق، ئوسمان يۇسۇفلارنىڭ يېرى، فاسىلە ــ تېرگەن.

ھۇزارى مەجلىس: ئىيسا دورغام، توختەشاھ ئاخۇند، ئەييۇبشاھ ئاخۇند، مەمەتھەلىم خاجە، قادىر خاجەلەر شاھىد.

**يەشمىسى:**

تارىختا بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئىككى يولۋاس يىلى شەرەپلىك رامىزان ئېيىنىڭ ئىككىسى ئازنا كۈنى①، بىز موللا مەمەت، موللا يۈسۈفلاردۇرمىز. شۇنداق ئىقرار قىلدۇقكى بادامسىيا ئۈستىڭى تۇربەت دېگەن جايدىكى تەخمىنەن ئالتە چارەكلىك يېرىمىزنى ھامىد خوجىغا ئون تەڭگىگە سېتىپ، مۆھۆرلۈك خەت بەرگەن ئىدۇق. ھازىر مەزكۇر يەرنىڭ «مۆھۆرى يوتۇپ كەتتى، يەنە ئالاھىدە مۆھۆرلۈك خەت بېرىڭلار» دەپ، مۆھۆرلۈك خەت تەلەپ قىلدى. بىز مەزكۇر يەرنى ساتقۇچىلار مەزكۇر يەرنىڭ مەزكۇر ھامىد خوجىغا سېتىپ بولغانلىقىمىزغا ئىقرار بولۇپ، ئۆز تىلىمىزدىن مۆھۆرلۈك خەت بەردۇق.

مەزكۇر يەرنىڭ تۆت تەرەپ چېگرىسى: شەرىق تەرىپى موللا توختەسۇننىڭ يېرى، پاسىل ــ ئورەك؛

---

① بۇ ھىجرىيە يىلى بولۇپ،ھىجرىيىنىڭ 1282 ـ يىلى ماھى شېرىف رەمىزان ئېيىنىڭ2 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1865 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

شىمال تەرىپى ئەفزەلنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى، پاسىل — ئېرىق؛ غەرب تەرىپى ئەلىم خوجىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى، پاسىل — ئورەك؛ جەنۇب تەرىپى موللا ئەبدۇرەھىم، موللا سىدىق، ئوسمان يۈسۈفلارنىڭ يېرى، پاسىل — تېرەك.

مەجلىس ئەھلىدىن: ئىيسا دورغام، توختىشاھ ئاخۇن، ئەييۇبشاھ ئاخۇن، مەمەتھەلىم خوجا، قادىر خوجىلار گۇۋاھ.

## موللا توختە، قۇتلۇغ موللا، شەرىف موللا، يۇتەر ئايلالارنىڭ ئىككى چارەكلىك يېرىنى ساتۇق مەمەتيۈسۈف خوجىغا ئوتتۇز توققۇز تەڭگىگە ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت:

ترانسكرىپسىيىسى:

تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش تۆرت سەگ يىلى رەمەزان ئايىنىڭ توقۇزى ئازىنە كۈنى موللا توختە، قۇتلۇغ موللا، شەرىف موللا، يۇتەر ئايلا بۇلار مۇخەييەر، يەكدىگەر ئانداغ ئىقرارى سەرىھ ۋە ئىئتىرافى شەرئ قىلدىلاركىم، ساتۇق مەمەتيۈسۈف خاجەغە بادامسىيا ئۈستەڭى ئاتباش مەۋزىئىداقى مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئىككى چارەكلىك يېرىمىزنى جەمئى ئۇسكىنەسى بىرلە غەبنى فاھشنى ئۆتۈپ، تەۋئەن ۋە رىغبەتەن ئوتتۇز توققۇز تەڭگەئى پۇلۇسۇر - رايىھەتەل - ۋەقتغەكىم، پۇلى بىزلەرگە بىباقى ۋە بەتەمام تەگدى دەپ.



مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربەئەسى: مەشرىق تەرەفى ئەزىز باينىڭ يېرى، فاسىلە — تېرەك؛ شىمال تەرەفى مۇشتەرىينىڭ يېرى، فاسىلە — ئەركەك قىر؛ مەغرىب تەرەفى ھەم مۇشتەرىينىڭ يېرى، فاسىلە — ئورەك، بەئزى كۆلنىڭ تۇفاسىنى چىقارادۇرغان يەر؛ جەنۇب تەرەفى بايىئ موللا توختە بىرلە قۇتلۇغنىڭ يېرى، فاسىلە — ئەركەك قىر؛ مەزكۇر يەرنىڭ بىر چارەكلىكىنى موللا توختە بىلەن قۇتلۇغ ئون توققۇز تەڭگىگە ساتقان. يەنە بىر چارەكلىكىنى موللا شەرىف موللام بىلەن يۇتەر ئايلا ئون تەڭگىدىن يىگىرمە تەڭگىگە ساتقان. مەزكۇر يەرنىڭ

خىنە ئاشلىقى يوق.

ھۆززارى مەجلس: مۇسا خاجە، ئاللايار سوفى، موللا سوفى، موللا نىياز، موللا نىئمەتوللالار شاھىددۇرلار.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش تۆت ئىت يىلى رامىزان ئېيىنىڭ توققۇزى ئازنا كۈنى①، موللا توختى، قۇتلۇغ موللا، شەرىف موللا، يۈتەر ئايلا قاتارلىقلار يۈزتۇرانە، ياخشى ھالەتتە ۋە ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن تۇرۇپ، شەرىئەتتە ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدۇقكى، ساتۇق مەمەتيۈسۈپ خوجىغا بادامسىيا ئۆستىڭى ئاتباش كەنتىدىكى تەخمىنەن ئىككى چارەكلىك مىراس مۈلۈك يېرىمىزنى بارلىق ئۈسكىنىلىرى بىلەن ھىيلە ـ مىكر ۋە ئالدامچىلىقلاردىن خالىي بولغان ھالدا، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا، ئۆز مايىللىقىمىز بىلەن، ھازىرقى ۋاقىتتا ئېقىۋاتقان ئوتتۇز توققۇز تەڭگە پۇلغا ساتتۇق. بۇ پۇل بىزنىڭ قولىمىزغا نەق ۋە تولۇق تەگدى.

مەزكۇر يەرنىڭ تۆت تەرەپ چېگرىسى: شەرق تەرىپى ئەزىز باينىڭ يېرى، پاسىل ــ تېرگەن؛ شىمال تەرىپى سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرى، پاسىل ــ ئەركەك قىر؛ غەرب تەرىپمۇ سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرى، پاسىل ــ ئورەك، يەنە بىر قىسمى كۆلنىڭ تۇپىسىنى چىقىرىدىغان يەر؛ جەنۇب تەرىپى يەرنى ساتقۇچى موللا توختى بىلەن قۇتلۇغنىڭ يېرى، پاسىل ــ ئەركەك قىر؛ مەزكۇر يەرنىڭ بىر چارەكلىكىنى موللا توختى بىلەن قۇتلۇغ ئون توققۇز تەڭگىگە ساتقان. يەنە بىر چارەكلىكىنى موللا شەرىف موللام بىلەن يۈتەر ئايلا ئون تەڭگىدىن يىگىرمە تەڭگىگە ساتقان.

مەزكۇر يەرنىڭ خىنە ئاشلىقى يوق.

مەجلىس ئەھلىدىن: مۇسا خوجا، ئاللايار سوفى، موللا سوفى، موللا نىياز، موللا نىئمەتوللالار گۇۋاھ.

## ھەللە بىبىنىڭ كۈيۈسىدىن تەگكەن مىراسلارنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت:

ترانسكرىپسىيسى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون ئۈچ ماھى سەفەرنىڭ يىگىرمە سەككىزى ئېردى، مەنكى ئارا مەھەللە كەنتىدىن مۇتەۋاففا ھۆۋەللا ئاخۇندنىڭ ئەھلىيەسى ھەللە بىبىدۇرمەن. ئىقرارى شەرئى (قىلدىمكى)، (ئارا مەھەللە) غەكىم كۈيۈيۈم ھۆۋەللا ئاخۇندنىڭكىدىن قالغان ئۆي ـ ئىمارەت، سەرەنجام، دەرەخت، يىغاچ ـ تاش ۋە يەر، جاندار، غەيرى جاندار قاتارلىق ئەشيالاردىن ماڭا تېگەدۇرغان مىھرى ھەشتيەك ھەققىلەرىمنىڭ بەدەلىدە بەھەسەبى كۆمۈچ سەكسەن تەڭگە بودالغان بىر ئۆي كالانى ئالىپ رازى بولدۇم. بالالارىم قۇربان ئاخۇند ۋە ئەلى ئاخۇند، ھەمشىرەخان ۋە مەئشۇرەخانلارنىڭ يەر ۋە ئۆي ئىمارەت سەرەنجام قاتارلىق ئەشيالارى ۋە ھەر جايىدە يەرلەرى بولسە، چوڭ داداسى باقى باي ۋەسىيە بولۇپ، باقى باينىڭ قولىدە مۇشتەرەك قالدى. ئىلگەرى ھۆۋەللا ئاخۇندىن (قالغان) يەر، ئۆي ـ ئىمارەت، دەرەخت، يىغاچ، سەرەنجام قاتارلىق جىنسى دۇنيالىق مىراس جانىبىدىن دەئۋايىم يوق. بۇ سۆزۈم خىلاف بولماسۇن دەپ،

①بۇ ھىجرىيە يىلى بولۇپ،ھىجرىيىنىڭ 1274 ـ يىلى رەمىزان ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1857 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.



ئۆز ئىقرارىمدىن ۋەسىقە قىلدۇرۇپ، مۆھەر باستۇرۇپ بەردىم. ۋەكانە زالىكە ئىندەل ۋەسەقات. ئوغلۇم تۇردى ئاخۇندىن يانادۇرغان سۇدۇس ھەققىمنى ھەم ئەبرائى ئام قىلدىم.

ھۇززارۇل - مەجلىس: يۇزباشى سوفى ئاخۇند، چوڭ مۇددەرىس ھامۇد (ئاخۇند)،....ئاخۇند، تۇردى ئاخۇند ۋە كەفەك خوجە،باقى باي، ئالماس باي، يۇسۇف (ئاخۇندلار شاھدلاردۇر).

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون ئۈچ، سەپەر ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزى ئىدى. ئارا مەھەللە كەنتىدىن ۋاپات بولغان ھۇۋەللا ئاخۇننىڭ ئايالى ھەلىلە بىبىدۇرمەن. شەرىئەتتە شۇنداق ئىقرار (قىلدىمكى) كۈيۈيۇم ھۇۋەللا ئاخۇندىن قالغان (ئارا مەھەللە)دىكى ئۆي، ئىمارەت، سەرەمجان، دەرەخ، ياغاچ - تاش، يەر، جانلىق ۋە غەيرى جانلىق قاتارلىق نەرسىلەردىن ماڭا تېگىدىغان سەككىزدىن بىر ئۈلۈش ھەقلىرىمنىڭ بەدىلىگە كۆمۈش ھېسابىدا سەكسەن تەڭگىگە بودالغان بىر ئۆي كالىنى ئېلىپ رازى بولدۇم. بالىلىرىم قۇربان ئاخۇن ۋە ئەلى ئاخۇن، ھەمشىرەخان ۋە مەشۇرخانلارنىڭ يەر ۋە ئۆي - ئىمارەت، سەرەمجان قاتارلىق نەرسىلىرى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە چوڭ دادىسى باقى باي ۋەسىي بولۇپ، باقى باينىڭ قولىدا شېرىك ھالەتتە قالدى. ئىلگىرى ھۇۋەللا ئاخۇندىن (قالغان) يەر، ئۆي، ئىمارەت، دەرەخ، ياغاچ، سەرەمجان قاتارلىق دۇنيالىق مىراس مال - مۈلۈكلەر ھەققىدە دەۋايىم يوق. بۇ سۆزۈم خىلاپ بولمىسۇن دەپ، ئۆز ئىقرارىمدىن ۋەسىقە قىلدۇرۇپ مۆھۈر باستۇرۇپ بەردىم. ئوغلۇم تۇردى ئاخۇندىن ئىشەنچلىك ۋەسىقىلەرگە بىنائەن ماڭا ياندىغان تېگىشلىك ھەققىمنىمۇ ھەم ئاۋامغا بېغىشلىدىم.

مەجلىس ئەھلىدىن: يۈز بېشى سوفى ئاخۇن، چوڭ مۇددەرىس ھامىد (ئاخۇن)....ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن ۋە كەفەك خوجا، باقى باي، ئالماس باي، يۇسۇف (ئاخۇنلار) گۇۋاھ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# قەدىمىي مىراسلىرىمىزنىڭ پەرۋانىسى

## داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر



ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينىغان پېشۋالىرىمىزدىن بىرى بولغان داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام 1925 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى بازار ئىچى دۆڭ مەسچىت مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1932 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە مەكىت ناھىيە بازىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغان. 1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەكىت ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈرچى ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ، تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا دىنىي بىلىم ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ كىچىكىدىن ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئەھمەد قازى دېگەن خەلپەتتىن ئەدەبىيات، بولۇپمۇ شېئىرىيەت بىلىملىرى ۋە ماھارىتىنى ئۆگەنگەن. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە مەكىت ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مالىيە بۆلۈمىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەن. زامانىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكى، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىكى، قارا قورساق ئەمەلدارلارنىڭ مۇشتۇمزورلۇقى، ھۆكۈمران تەبىقە بىلەن ئاۋام پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ جاي ـ جايلىرىدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلامنىڭ ئىدىيىسىدە ئىلغار بولغان دۇنيا قاراش شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ قەلبىدە تەدرىجىي يوسۇندا تىرىشىپ ئۆگىنىش، قىزىرقىنىپ ئىشلەش، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىش، كىشىلىك ئەركىنلىكىنى قوغداش، ياشاش ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ھېسسىياتى ئويغانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرى ۋە ئىرادىسى مۇستەھكەملىنىپ بارغان. زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ناھىيىدىكى نەپسانىيەتچى، مۇشتۇمزور ھاكىملارنىڭ، يەرلىك



ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا ۋە ئېزىشىگە قارشى كۆپ قېتىم يوقىرى ئورۇنلارغا ئەرز ـ شىكايەت قىلغان ھەمدە ئەمگەكچى خەلقنى قوزغىتىش خاراكتېرىدىكى يوشۇرۇن تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ تەقىب قىلىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرمىسىدە سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە يېتىپ ئېغىر ئازاب چەككەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلگەندە، ئاشۇ بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئابدۇرېشىت ئىسلام تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، مەكتەپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەپ تۇرغان ۋە مەكتەپ ناھىيىلىك ياشلار ھەرىكىتى تەشكىلاتىدا خىزمەت قىلغان. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن يەنە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، مەكتەپ ناھىيىلىك يېڭى دېموكراتىزملىق ياشلار ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنى قارشى ئېلىش ئاممىۋى پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئازادلىق ئارمىيىگە ھەمكارلىشىپ سىياسىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولغان.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام 1950 ـ يىلى 3 ـ، 6 ـ ئايلاردا ئۆز ۋاقتىدىكى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىگە كېلىپ سىياسىي كۇرستا ئوقۇغان. 1951 ـ يىلى ئۆلكىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ، ئۈرۈمچىدە يىغىنغا قاتناشقان. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە يەكەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە يەكەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشتە كاتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى (ئەينى چاغدا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تېخى قۇرۇلمىغان) مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇرشۇناس، پروفېسسور فېڭ جياشىڭ مەسئۇل، تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى مۇئاۋىن مەسئۇل بولغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خىزمەت بىلەن يەكەن ناھىيىسىگە بارغاندا، گۇرۇپپا ئەرەب، پارس ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىللىرىنى بىلىدىغان ئادەمگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقتىن، ئەينى چاغدىكى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئابدۇرېشىت ئىسلام گۇرۇپپىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەكلىپ قىلىنغان ھەم بۇ گۇرۇپپا تەركىبىدە خوتەنگىچە بىللە بارغان. ئۇنىڭ خىزمەت جەريانىدا ئىپادىسى ياخشى، دىنىي ئۆلىمالار ۋە كونا زىيالىيلار بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىپ، قەدىمكى قوليازما ھۆججەتلەرنى بايقاش، كۆرۈش، تۈرگە ئايرىش، بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭگىچە بارغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يىللىق توختام بىلەن بېيجىڭدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى شىنجاڭ گۇرۇپپىسىدا تەتقىقاتچى، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ يىلى9 ـ ئايدىن 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ بۇ جەرياندا شىنجاڭغا كەلگىنىدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ خىزمەتلىرىگىمۇ يېقىندىن ياردەملەشكەن. 1966 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەسئۇلى

مەتىمىن خۇدابەردىنىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا قەدىمكى ئەسەرلەرنى يېغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان قوشقان ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئۇستازلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ زات ھەققىدە مەخسۇس توختىلىش، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرۇلۇق ئىزدىنىش مۇئەييەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي ئىگە.



داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەشكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، بولۇپمۇ كونا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ۋە بۇنىڭدىن سىرت پارس، ۋە ئەرەب تىل - يېزىقلىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. خەتتاتلىق، ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىي ئىجادىيەتكە قىزىققان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا، كىشىلەرنىڭ خەت - چەك، ئەرز - شىكايەتلىرىنى يېزىپ بېرىش، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايى نەفىسەسىدە ئىشلەش ۋە بەزى ئورۇنلاردا كاتىپلىق قىلىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنچىكە كۆزىتىش، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىم قۇرۇلمىسى، يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ بارغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ساقچى ئورۇنلىرى، ياشلار ئىتتىپاق تەشكىلى، سىياسىي كېڭەش ئورۇنلىرىدا ئىشلەش جەريانىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاڭ - سەۋىيىسىنى بارغانسېرى ئۆستۈرۈپ بارغان. بولۇپمۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلىقى ئۇنىڭ ھاياتىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش ياسىغان. ئۇ بېيجىڭدا تۇرغان ئون يىل جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەش ئارقىلىق خىزمەت ۋە بىلىم سەۋىيىسى ھەم ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە جىددىي كېرەكلىك بىر ئىلمىي خادىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە روشەن ھالدا نامايان قىلغان، يەنى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن يىغىلغان نەچچە مىڭ پارچە قەدىمكى قول يازما، كىتاب - ھۆججەت ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، تىزىملىكىنى تۈزۈش ئىشىنى خۇددى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشىدەك ھاردىم - تالدىم دېمەي قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەينى چاغدا دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىنى شىنجاڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايون ۋە ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك

قىممەتلىق ئۈچۈر ھەم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتە ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان. ئۇ رەتلىگەن، تۈرگە ئايرىغان، تىزىمغا ئالغان، تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ۋە قىسقىچە مەزمۇننى تەييارلىغان ماتېرىياللار بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرى، دۆلەتلىك ئارخىپخانىلار ۋە ئۈرۈمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ساقلانماقتا. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتولوگى» ناملىق قوللانمىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كىتاب ئابدۇرېشىت ئىسلام تەرىپىدىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كونا ماتېرىياللارنى رەتلەش، كاتالوگلاشتۇرۇش جەريانىدا بىرقانچە مىڭ پارچە ماتېرىيالدىن تاللاپ يېزىلغان. بۇ كىتاب 200 نەچچە بەت، 16 فورماتلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا 270 نەچچە پارچە كىتابنىڭ كاتالوگى كىرگۈزۈلگەن ھەم دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇيغۇر كونا يېزىق شەكلىدىكى شاپىگراف نۇسخىدا بېسىلىپ تارقىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ كىتابنىڭ يەنە خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ ئىشلەنگەن. ئۇنىڭغا ئاساسلىقى جۇڭگو پەنلەر



ئاكادېمىيىسى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب بۈگۈنكى كۈندىمۇ كەڭ ئىلمىي خادىملارنى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشتە قوللانمىلىق رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام «تاۋارىخ» (ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان تارىخچى مەھمۇد چوراسنىڭ ئەسىرى)، «تارىخىي كاشغەر ۋە فەرغانە» (زىرىپ قارى ھاجى تەرىپىدىن 1921- يىلى كاشغەر شەھىرىدە يېزىلغان) ناملىق كىتابلارنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇلار 1960 ـ، 1962 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىق شەكلىدە شاپىگراف نۇسخىلىق قىلىپ باستۇرۇلۇپ، ئىلمىي خادىملارغا تەتقىقات ئۈچۈن تارقىتىلغان. «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى»نىڭ 19 ـ بېتىدە «تارىخىي كاشغەر ۋە فەرغانە»نىڭ ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان قولىيازما نۇسخىسىنىڭ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا 27 ـ نومۇرلۇق ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام تەرىپىدىن تەييارلانغان بۇ كاتالوگ ۋە كىتابلار ئەينى زاماندا شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش ساھەسىدە باشلامچىلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق رولىنى ئويناپ، كەڭ ئىلمىي خادىملارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ئىتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەھشەتلىك بورانلىرىدىن

ئەمدىلا قۇتۇلۇش بىلەن تەڭ، ئىسەنكىرەش ۋە دېلىغۇللۇقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىپ، يۈرەكلىك ھالدا ئىشقا كىرىشىپ، پۈتۈن زېھنى ۋە دىققىتىنى قەدىمكى كىتابلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە، يەشمە بېرىشكە، مۇتالىئە قىلىشقا قارىتىپ، ئەلىشىر نەۋائىي، ئەبۇ مۇھەممەد سالاھى، ئىسمائىل مەھزۇن، ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي، ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى، ھۈسەيىنخان تەجەللىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ ۋە بەزىلىرىگە يەشمە بېرىپ، شىنجاڭدا نەشر قىلىنىدىغان ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە مۇھىم ھەسسە قوشقان.

ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام نەشرگە تەييارلىغان قەدىمكى ئەسەرلەر:

1. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسىرى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان.

2. «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسىرى، ئابدۇمىجىت قۇربان بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان.

3. «دىۋانى بىلال» («مەنتىقۇتتەيىر»)، موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى(ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى)نىڭ ئەسىرىدىن پارچە، «تارىم» ژۇرنىلى 1981 ـ يىلى 5 ـ سان.

4. «دىۋانى مەھزۇن»، مەھزۇن خوتەنى (ئىسمائىل مەھزۇن)نىڭ ئەسىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان، 1982 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان، يەنە «قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

5. «گۇل ۋە بۇلبۇل»، سالاھى(مۇھەممەد ئەبۇ سالاھى)نىڭ ئەسىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىل ئومۇمىي 15 ـ سان.

6. «دەھرۇن ـ نەجاد»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەسىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان.

7. «كىتابى غەرىب»، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىينىڭ ئەسىرى، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» («تارىم») ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 7 ـ سان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ سانى ۋە 1985 ـ يىل ئومۇمىي 16 ـ سانى.

8. «ماقالات»، ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرىينىڭ ئەسىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىل ئومۇمىي 12 ـ سانى.

9. «تەجەللى شېئىرلىرى»، ھۈسەيىنخان تەجەللىينىڭ ئەسىرى، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سانى.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىپ ئېلان قىلىنىشى يېڭى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشىنى ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا، ئىزدىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىنى ئۇچقۇنلاشتۇرۇش ۋە قولايلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئىلمىي خادىملار ھەر قېتىملىق «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»غا مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەر ۋە باشقا كىتابلارنى تۈزگەندە ياكى يازغاندا بۇلاردىن ئەڭ كۆپ پايدىلاندى. بۇنىڭدىن ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلامنىڭ ئىشلىگەن ئىلمىي



ئەمگەكلىرىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، يەشمە بېرىش ۋە نەشرگە تەييارلاش بىلەن قالماستىن يەنە، بۇلار ھەققىدە تىنىمسىز ئىزدەنگەن، مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەسئۇلىيەتچان ۋە ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان بەزى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدىكى ماقالىلىرى ۋە مەخسۇس يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاشۇ ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا قوللانمىلىق ياكى يېتەكچى ماتېرىياللىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا «ئۇيغۇر شائىرى غەرىبىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ‹كىتابىي غەرىب› ھەققىدە» («كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «ئۇيغۇر شائىرى تەجەللىي ھەققىدە» («كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا)، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «‹دەھرۇن ـ نەجاد› ھەققىدە» («دەھرۇن ـ نەجاد»نىڭ 1988 ـ يىلىدىكى نەشرىگە كىرىش سۆز) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام قەدىمكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، تىل ۋە تارىخقا دائىر «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مەسىلىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1982 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالا يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تۈزگەن «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان)، «چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەجەرىسى توغرىسىدا» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا 1981 ـ يىلى كۆزدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان لېكسىيە، شاپىگراف نۇسخا) قاتارلىق ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە تەرجىمە پائالىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بىر قاتار ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغان. مەسىلەن، ئۇ سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئەخلاقشۇناس شەمسۇلمەئالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىگىر قابۇس (مىلادىيە 11 ـ ئەسىر)نىڭ دۇنياغا مەشھۇر دىداكتىك ئەسىرى «قابۇسنامە»نى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ چىققان، بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ 40 مىڭ پارچە تارقىتىلدى ۋە جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.



داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1982 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 1977 - يىللىق ئىككى سىنىپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدا» ناملىق قىسقا مۇددەتلىق لېكسىيە سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدىكى چەشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسلىكىنى تۈزۈش - يېزىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. مەسىلەن، 1979 - يىلىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىكىگە كېرەكلىك بولغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ، دەرس ئۆتكۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرگەن ياكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كونا، قەدىمكى كىتابلاردىن پايدىلىنىشتا يولۇققان قىيىنچىلىقنى يەڭگىللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېرىنمەستىن، خالىس ياردىمىنى بېرىپ، بۇ دەرسنىڭ شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۈپەتلىك، توغرا، ئىلمىي ۋە ئىزچىل يوسۇندا سۆزلىنىشىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان. تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 1978 -، 1981 - ۋە 1985 - يىللىرى «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىكىنىڭ تىزىسى ۋە پروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە پايدىلىق پىكىرلەرنى ئايىماي بېرىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن كەسپداشلىرى ۋە شاگىرتلىرى ئارىسىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسىنىڭ دوسكا ئارقىسىدىكى ئۇستازى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بولغان. 1985 - يىلى 11 - ئايدىن 1986 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق چاغاتاي تىلىدىن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تېكىستلىرىدىن دەرسلىك تۈزگەن ۋە دەرس ئۆتكەن.

ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىشخانىلىرىدا توپا بېسىپ، چېچىلىپ تۇرغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ، ئىشكاپلاشتۇرۇپ چىقىشقا ھەمدە مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە يەنە خەلق ئارىسىدىن يىغىلغان قەدىمكى كىتاب - ھۆججەتلەرنى سېتىۋېلىش، تۈرگە ئايرىش، تىزىملاش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشى، تەتقىق قىلىنىشى ۋە پايدىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان.

داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنىمۇ خېلى ئوبدان ھەۋەسرى بار ئۆلىما كىشى ئىدى. قۇرئان قىرائەت قىلىش، ھەدىس شەرھىلەش، پەتىۋا چىقىرىش، تەبلىغ قىلىش ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى. جامائەتنىڭ دىنىي، مەرىكە ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشاتتى ھەر خىل دىنىي، مەرىكە سورۇنلىرىغا تەمكىنلىك بىلەن رىياسەتچىلىك قىلاتتى. دىن بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلاتتى، بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشتا دىنغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش، دۆلەتنىڭ دىن قانۇنىنى تەتبىقلاش، توغرا



چۈشىنىش، زىيالىيلار بىلەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەرگە باشتىن - ئاخىر يۇكسەك سىياسىي ئاڭ، سەزگۈرلۈك بىلەن ياندىشىپ ماڭاتتى. داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلام ئۆزىنىڭ بىر دىنىي زات بولۇشتەك ئورنى ۋە بەلگىلىك بىلىمى، ئىقتىدارى بىلەن كەڭ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

دامولla ئابدۇرېشىت ئىسلام «بۇلاق» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغان 1980 - يىلىدىن باشلاپ تاكى 1989 - يىلىغىچە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىغا كۆپ جەھەتتىن خالىس ياردەملىشىپ ئەسەر تاللاش، تەھرىرلەش جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن. دامولla ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام ئۇستا خەتتات ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆمرىدە مەخسۇس ھۆسنىخەت يېزىش بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، بىراق يازغان خەتلىرى قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن ھازىرلىغان ئورىگىناللىرى شۇنداق ئۆلچەملىك، چىرايلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، شاگىرتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى تەسىرلەندۈرەتتى، ئىلھاملاندۇراتتى. جۈملىدىن، ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى كىشىلەرنىڭ خەتتاتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى ئاشۇراتتى.

ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام بىلىمگە ھېرىسمەن، تىرىشچان، ئىنتىلىشچان، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان بىر زات ئىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قوغداش، يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھاردىم - تالدىم دېمەستىن تىنىم تاپماي ئىشلىگەن. ئۇ مۇشۇ ساھەدە ياشلار، كېيىنكىلەر ۋە مىللەتكە بىر خاسىيەتلىك يول ئېچىپ بەرگەن باشلامچىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. دامولla ئابدۇرېشىت ئىسلام ئالىي مەكتەپتە ئۇزۇن يىل تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ پەن ۋە دىن جەھەتتىكى مول ۋە چوڭقۇر بىلىمى بىلەن پۈتكۈل جامائەت تەرىپىدىن بىردەك «دامۇللام»، يەنى «ئابدۇرېشىت دامۇللام» دەپ ئاتىلىپ، ئەبەدىي شان - شەرەپكە نائىل بولغان.

دامولla ئابدۇرېشىت ئىسلام ئىلمىي ئىجادىيەتتە «ئابدۇرېشىت ئىسلامى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.

ئۇ خۇش پېئىل، ئاقكۆڭۈل، كەمتەر، سالاپەتلىك، مېھرىبان، شېرىن سۆزلۈك كىشى ئىدى. ئادەملەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، يۇقىرى - تۆۋەن دەپ تەبىقە ئايرىمايتتى، ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە ۋىجدانىنى ئۆلچەم قىلاتتى، بىلگەنلىرىنى باشقىلاردىن ئايىمايتتى، ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى، يۇرتىنى، جەمەتىنى، ئورنىنى كۆز - كۆز قىلمايتتى. دامولla ئابدۇرېشىت ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ھەممىمىزگە ئۈلگە ۋە نەمۇنە. ئۇ تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋىي مىراسلار خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلىنىپ ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ساقلانغۇسى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ئەبەيدۇللاخان

(خەلق داستانى)

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئابدۇغېنى سابىر**

**توپلاپ رەتلىگۈچىدىن:** «ئەبەيدۇللاخان» داستانى خوتەن خەلقىنىڭ ما خۇسەن دەۋرىدە باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق داستانى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى كەڭ تارقالغان. گەرچە بۇ داستان ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردا بىرقانچە نۆۋەت ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى ئېيتقۇچىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داستاننىڭ تېكىستى، تەپسىلاتلىرىدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. شۇڭا، مەن ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى شاھمۇھەممەت ئاكىنىڭ راۋاب بىلەن ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ بەرگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن داستاننىڭ بۇ ۋارىيانتىنى قايتىدىن رەتلەپ تەييارلاپ چىقتىم.

«ئەبەيدۇللاخان» داستانىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ ئەبەيدۇللاخان خوجا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسى ئېگىز ئېرىق كەنتىدىكى خوجىلاردىن بولۇپ، ما خۇسەن دەۋرىدە قولغا ئېلىنىپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. ئەبەيدۇللاخان 1912 ـ يىلى قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىدا جالالىدىنخان خوجا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالا چېغىدىن باشلاپ ئوۋچىلىقنى ئۆگەنگەن ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قىلىچۋازلىق، قارىغا ئېتىش ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن، كىچىكىدىن باشلاپ ئەقىللىق، يۈرەكلىك چوڭ بولغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ خوتەننى ما خۇسەن قوشۇنلىرى ئىشغال قىلغاندا، ئەبەيدۇللاخان ما خۇسەننىڭ زۇلمىغا بىر مەزگىل سەۋر قىلىپ ئۆتكەن. 1935 ـ يىلدىن باشلاپ زۇلۇمغا قارشى غەزەپلىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىن تەرەپلىرى، ئەگرۇساي ئەتراپلىرىدا 20 دىن ئارتۇق دوست ـ بۇرادەرلىرىنى توپلاپ، قاراڭغۇ تاغدىكى ئاقتۇرسۇن موللا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا ماسلىشىشنى پىلانلاپ، تاغ جىلغىلىرىدا بىر مەزگىل پاناھلانغان. ما خۇسەن قوشۇنلىرىغا خىزمەت قىلىۋاتقان زاۋا يېزىسىنىڭ شەيدان كەنتىلىك دانابەگ دېگەن ئادەم ئەبەيدۇللاخاننىڭ يۇقىرىقى ھەرىكەتلىرىنى ما خۇسەننىڭ زاۋادىكى ساقچىخانىسىغا مەلۇم قىلغان. بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ما خۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ ساقچى باشلىقى لياڭ

فۇگۇەن ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى شتابىدا تۇرۇشلۇق ئەر لۈيجاڭ ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى ما خۇسەننىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگەن. ما خۇسەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ لياڭ فۇگۇەننى دەرھال ئەبەيدۇللاخاننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇغان. شۇنى كۈنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يەرلىك ئەمەلدارلاردىن پۈجۈي كەنتلىك مىرزا كېرەمبەگ دېگەن كىشى لياڭ فۇگۇەنگە تەسەللى بېرىپ: «ئەتە بىللە بارايلى، خاپا بولماڭ» دەپ توختىتىپ، ۋاقىتنى كېچىكتۈرگەن ۋە شۇ كېچىسى ئەبەيدۇللاخانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى تاپىلاپ خەت ئەۋەتكەن. ئەتىسى لياڭ فۇگۇەن قوراللىق ئىككى لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ، زاۋاغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئەبەيدۇللاخان ئائىلىسىنى ئاختۇرغان، ئوق چىقىرىپ تەھدىت سالغان. مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقى مەھەللىنى قاپلىغان. ھۈركىگەن ئۆي قۇشلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشىپ، كەپتەرلەر ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن. يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن قورقۇپ ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان. پۈتۈن كەنتتە ۋەھىمە ھۆكۈم سۈرگەن. ئەبەيدۇللاخاننىڭ دادىسى جالالىدىنخان لياڭ فۇگۇەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، سەيدىنسا خېنىم بىلەن بىرلىكتە لياڭ فۇگۇەننىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ يېلىنىپ، ئۇنى ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلغان. لياڭ فۇگۇەن بۇنى رەت قىلىپ، جالالىدىنخان خوجىنى تۇتۇپ باغلاپ، ئېسىپ ئۇرۇپ: «ئوغلۇڭنى تاپ!» دەپ قىستىغان. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى جالالىدىنخاننىڭ ئىنىسى مەمتېلىخان خوجا ئاڭلاپ دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئەبەيدۇللاخاننى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، لياڭ فۇگۇەندىن 15 كۈنلۈك مۆھلەت سورىغان. مەمتېلىخان خوجا شۇنداق ۋەدە قىلىپ، لياڭ فۇگۇەن قوشۇنلىرىنى ۋاقىتلىق قايتۇرۇۋېتىپ، ئەبەيدۇللاخاننى ئىزدەپ دۇئا كەنتى ئارقىلىق پۈشىنىڭ تاغلىرىغا چىققان؛ بۇ يەردە ئەبەيدۇللاخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەبەيدۇللاخاننىڭ دادىسى جالالىدىنخان خوجا بىلەن ئانىسى سەيدىنساخاننىڭ تۆڭگانلارنىڭ قولىدا قالغانلىقىنى، قايتىپ كىرىپ ما خۇسەن قوشۇنلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەبەيدۇللاخان بۇ تەلەپكە كۆنمەي: «ئاتا ـ ئانام دەرھال ھەرەمگە كەتسۇن، بىز ھەرەمدە كۆرۈشەيلى» دېگەن. مەمتېلىخان خوجا ئامالسىز قايتىپ كەلگەن. لياڭ فۇگۇەن ئەبەيدۇللاخاننىڭ بار يېرىنى ئۇقۇپ، دەرھال ئەسكەر باشلاپ شۇ تەرەپكە چىققان. ئەبەيدۇللاخان ھەمراھلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى چېكىندۈرۈۋېتىپ، ئازراق ھەمراھلىرى بىلەن بۇ يەردە قالغانىدى. ئۇ لياڭ فۇگۇەن قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز لياڭ فۇگۇەن قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئېلىشقان. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پۈتۈنلەي چېكىنىپ بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ لياڭ فۇگۇەننىڭ قوشۇنىغا تىرىك ئەسىرگە چۈشكەن. لياڭ فۇگۇەننىڭ قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىۋېتىپ قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىغا كەلگەندە، ئەبەيدۇللاخاننىڭ تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، لياڭ فۇگۇەنگە يالۋۇرۇپ 15 كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە ئالتۇن بېرىش بەدىلىگە ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرمەي قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. لياڭ فۇگۇەن ماقۇل بولۇپ، 15 كۈن ئىچىدە 15 چارەك ئالتۇن بېرىشنى تاپىلاپ، ئەبەيدۇللاخاننى باغلاپ خوتەن شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، سېپىل ئىچىگە قامىغان. جالالىدىنخاننىڭ تۇغقانلىرى ئوتتۇز ئالتە نەپەر خوجا ھەممىسى پۇلدار ئادەملەر ئىدى. ئۇ تۇغقانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 10 كۈن ئىچىدە 300 سەر ئالتۇننى جەملەپ، مەلىك ھەزرەت ئارقىلىق ما خۇسەنگە ئۆتكۈزگەن. ئۇ چاغدا ھەربىر چارەك ئالتۇن يىگىرمە سەردىن ھېسابلىناتتى. ما خۇسەن غەرەزلىك ھالدا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئالتۇننى، يەنە يېرىم چارەك (10 سەر) كەم چىقىرىپ، ئۇلارنى

ئۈچ كۈن ئىچىدە كەم ئالتۇننى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپ قايتۇرغان. ئەمما، ما خۇسەن ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ، قىيىنغان ۋە قاراڭغۇ تاغدىن تۇتۇپ كەلگەن ئاقتۇرسۇن موللام قاتارلىق سەككىز نەپەر كىشى بىلەن بىرگە مىس زەنجىرنى قىزىتىپ يالىڭاچ بەدىنىگە يۆگىگەن. مىس لىگەننى قىزىتىپ بېشىغا قويغان. ئالتۇننى ئۆتكۈزگەن كۈنى ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئانىسى سەيدىنىساخاننىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئاتا - بالا ئىككىسىنى كۆرۈشتۇرگەن. ئەبەيدۇللاخان ئانىسىغا: «نېمە كەتسە مەيلى، مېنى قۇتقۇزۇپ چىقىڭلار» دېگەن.

ما خۇسەن قوشۇنلىرى ئۈچ كۈن مۆھلەت توشۇپ بولغۇچە ئاقتۇرسۇن موللام قاتارلىقلار بىلەن ئەبەيدۇللاخاننى قوشۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئېلىپ چىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئەبەيدۇللاخان ما خۇسەن ئەمەلدارلىرىدىن ئۆزىنى خوتەننىڭ مۇپتىسى مۇھەممەتسالىھ مۇپتى بىلەن كۆرۈشتۇرۇشنى ئۆتۈنگەن. ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئەبەيدۇللاخاننى مۇھەممەتسالىھ مۇپتى ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشتۇرگەن. ئەبەيدۇللاخان مۇھەممەتسالىھ مۇپتى ئاخۇنۇمغا: «مېنىڭ ئاتا - ئانامغا سالام دېسىلە، ئەل - ئاغىنەم ئىچىدىكى 36 نەپەر سەپدىشىم ۋە بارلىق تۇغقانلىرىمغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، مېنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندا، قانلىق تونلىرىمنى سالدۇرۇپ، بېشىمنى رۇسلاپ، باشقا تون يېپىپ، بىر كېچە ساقلىسىلا، بەدىنىمدە قان داغلىرى قالمىسۇن، ئاتا - ئانام قانغا بويالغان ھالىتىمنى كۆرمىسۇن...» دېگەن. ئارقىدىنلا ما خۇسەن قوشۇنلىرى ئۇنى ئىتتىرىپ سەككىز كىشى بىلەن بىرلىكتە شەھەر ئايلاندۇرغان، ئۇلارنىڭ دۈمبىسىدە «ئۆلۈم» دېگەن خەنزۇچە خەت بېسىلغان تۆمۈر تامغىنىڭ جاراھىتى بار ئىدى. 1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن جازا مەيدانىدا ئۇلارنى يۈكۈندۈرۈپ ئۆلتۇرغۇزغان. ئاندىن ما خۇسەننىڭ جازا ئىجرا قىلغۇچىسى ئاخۇن لۈيجاڭ (ھوشۇربەگ)نىڭ قوماندانلىقىدا توققۇز نەپەر كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

مۇھەممەتسالىھ مۇپتى ئاخۇنۇم (ئۇ چاغدا بۇ كىشى تېخى ھەج قىلمىغان) رەسمىيەت بويىچە ئىش كۆرۈپ، جەسەتنىڭ قانلىق كىيىمىنى سالدۇرۇپ، قايتىدىن تون يېپىپ، ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئائىلىسىگە باغاق ماڭدۇرغان. ئەتىسى جالالىدىنخان تۇغقانلىرى بىلەن كېلىپ، جەسەتنى ئۆز قولىغا ئالماقچى بولغاندا، ما خۇسەن قوشۇنلىرى: «كەم قالغان ئالتۇننى بەرسەڭ، جەسەتنى بېرىمىز» دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇلار ما خۇسەننىڭ يېنىغا كىرىپ، 15 چارەك ئالتۇننى ئېلىپ بولۇپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ئوغلى ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان. ما خۇسەن بۇنىڭغا خۇپسەنلىك بىلەن: «ئۆلتۈرۈشتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىكەن، ئەمما بالاڭنىڭ گۇناھى ئېغىر، بۇنىڭغا سەنمۇ چېتىلىپ قالىسەن» دەپ تەھدىت سېلىپ ئۇلارنى قايتۇرغان. ئۇلار قايتىپ چىققاندىن كېيىن، كەم قالغان ئالتۇننى خوتەندىكى بۇرادەرلىرىدىن يىغىپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا، ئاندىن جەسەتنى بەرگەن. جالالىدىنخان 24 يېشىدا قانغا مىلەنگەن ئوغلى ئەبەيدۇللاخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، قايغۇ - ئەلەم بىلەن قايتقان ۋە ئىمامئەفتەھ مازىرىغا دەپنە قىلغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى ۋاپات بولغان. ما خۇسەن قوشۇنىغا قارشى ئازغىنە ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن 24 يېشىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان ئەبەيدۇللاخان ھەققىدە خەلق كۆپ غۇلغۇلا قىلىشقان ۋە ئېچىنغان. ئەبەيدۇللاخاننىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى خەق ئىچىدە كۆپ سۆزلىنىپ، كەڭ تارقالغان ۋە ئۇزاق ئۆتمەي داستانىنى توقۇغان. بۇ داستان خوتەن دائىرىسىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

ما خۇسەننىڭ ۋاقتىدا،
كۆز ياشلىرىمىز قانلىق.
ياش قېرى زۇلۇم بىلەن،
نەدە بولسۇن ئامانلىق.

ما خۇسەننىڭ ۋاقتىدا،
ئەبەيدۇللا بىلەن مەمتىلىخان
ئەگرۇساي دېگەن يۇرتتا①،
قوش قارچىغى ئويناغلىق
تۇرغانغۇ زامانلاردا،
قۇمئېرىقتىكى داناتاز②
قوقانغا كىرىپ ئەمدى،
لياڭ فۇگۇەنگە چېقىپ قويدى③.

لياڭ فۇگۇەن دېگەن تۇڭگان،
خوتەن سىلىڭغا خەت يازدى
سىلىڭدىن كېلىپ تەگدى گوڭشا④
جالالىدىنخان خوجام ئوقۇپ
ئەبەيدۇللانى تاپتۇردى
— هاي بالام، ئەبەيدۇللاخان،
ئويۇننى ئازراق ئويناڭ سىز،
ئويۇن باشىڭىزغا چىققۇدەك،
ئەر سىلىڭدىن⑤ خەت كەپتۇ.
دېگەنغۇ زامانلاردا
— هاي دادا جالالىدىنخان،
خوتەنگە مەن بېرىپ كېلەي،
سىلىڭ بىلەن كۆرۈشەي،
شۇنداققىنا دېگەندە،
هاي بالام، ئەبەيدۇللاخان،
سىز ئۆزىڭىز كىچىك بالا،
ناتوغرا گەپ ئۆتۈلۈپ قالا،
خوتەنگە سىز ئۆزىڭىز بارماڭ،
ئۆزۈم باراي خوتەنگە،
شۇنداققىنا دەپ تۇردى،

ئەبەيدۇللاخان ئاتلاندى
گازۇنغا⑥ يەتكەن چاغدا
لياڭ فۇگۇەنگە يولاقتى.
لياڭ فۇگۇەن دېگەن تۇڭگان:
— نەگە بارىسىز ئەبەيدۇللا
دېگەنغۇ زامانلاردا،
— خوتەن شەهرىگە ماڭدىم،
بىر پارچە خەت ئەۋەتىپسەن،
خەت ئۇچۇرىنى ئېلىپ كەلدىم،
دېگەنغۇ زامانلاردا،

— مېنىڭ ئالدىمغا كەلگۈچە،
چەرچەن سوقاپ ئولتۇرساڭ،
گۇنايىڭدىن ئۆتەردىم،
ئەبەيدۇللا غوجام ئېيتتى:
— ساڭا چەرچەن سوقاپ ئولتۇرغىچە
پولاتتىن خەنجىرىم باردۇر،
پەرەڭدىن مىلتىقىم باردۇر⑦
ئېتىشىپ ئۆلەرمەن، لياڭ فۇگۇەن.
يا چېپىشىپ، دېگەندە،
— گەپنى بەك يوغان قىلدىڭ،
يوغان گەپ قىلما، ئەبەيدۇللا،
سەككىز لەڭزە لەشكەر بار،
قانداق توشايسەن، ئەبەيدۇللا،

---

① ئەگرۇساي — لاڭرۇنىڭ بېشىدىكى بىر يۇرت.
② دانا تاز — ما خۇسەننىڭ بەگلىرىدىن زاۋا يېزىسىنىڭ شەيدان كەنتى قۇمئېرىق مەهەللىسىدىكى دانا بەگ.
③ لياڭ فۇگۇەن — ما خۇسەننىڭ قوقاندىكى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى.
④ گوڭشا — هۆكۈمەت خېتى، بۇيرۇقى.
⑤ ئەرسىلىك — ئەرلۇيجاڭنى دېمەكچى.
⑥ گازۇن — خوتەن شەهرىنىڭ شورباغ يېزىسىدىكى بىر كەنت.
⑦ ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن مىلتىق.

شۇنداققىنا دېگەندە،
— سەككىز لەشكەرگە
قىرىققىنا پالۋىنىم بار،
سېنىڭ ھەممىڭگە توشايدۇ،
دېگەنىكەن زامانلاردا،
لياڭ فۇگۇەن يېنىپ كەتتى.
ئەبەيدۇللاخان يېنىپ كەلدى.

لياڭ فۇگۇەن دېگەن تۇڭگان
ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن
بىرلەشكەن ئەسكەر باشلاپ
سېپىل ئالدىغا چىققاندا.
پوجويلۇق مىرزاكىرەم كېلىپ:
— نەگەر بارسىز، لياڭ فۇگۇەن؟
ئاچچىقىڭىز غەزەپ كەپتۇ؟
لەشكەر باشلاپ مېڭىپ سىز؟
شۇنداققىنا دېگەندە
قاراقاش دېگەن شەھەردىن
ئېگىز ئېرىق كەنتىلىك
جالالىدىنخاننىڭ بالىسى
ئەدەپتىن سىرتقىنا گەپ قىلدى،
يۈرەككە نەقش باغلاشتى
ئەدنۇننى بىر بېرىپ كېلەي،
شۇنداققىنا دېگەندە،
— ئابدان بولاپتۇ. لياڭ فۇگۇەن،
ئەبەيدۇللا دېگەن بالا
ئۆزى كىچىك، نادان بالا،
ئۆزىنى تۇتالماي قىلىپ ساپتۇ،
چەپ قولىڭىزغا تەڭ كەلمەس،
بۇگۈن كەچ بولۇپ قاپتۇ،
ئەتە سەھەردە بارساقچۇ،
شۇنداققىنا دېگەن دە،
لياڭ گۇەن يېنىپ كەتتى،

مىرزاكىرەم بەگ ھۇجرىسىغا كىرىپ،
بىر پارچە سالام يازدى،
«سالام سىزگە، ئەبەيدۇللاخان!
سالامدىن سۆزىم شۇكى،
سىز مۇشۇ گەپنى قىلغۇچە،
تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلسىڭىز،
گۇنايىڭىزدىن ئۆتەردى،
بۇ بىرەھىم تۇڭگانلار
قاراقاشقا بېرىپ قالسا،
ئەكىرىپلا ئۆلتۈرۈۋاتارمۇ،
يا تاياققا باسامۇ،
يا باغلاپ تاقاققا ئاسارمۇ،
جېنىڭنى جايلاپ قاچساڭچۇ.»

ئەبەيدۇللاغا خەت تەگدى.
بۇ خەتنى ئوقۇپ بېقىپ،
كېچە تاڭنىڭ ۋاقتىغىچە
جابدۇغىنى تەييار قىلدى،
كېچە تاڭنىڭ ۋاقتى بىلەن
دۇۋا پاششىمغا ئاتلاندى،
ئەتىسى لياڭ فۇگۇەن كەلدى.
زاۋاكەنتىنى تۇڭگان باستى.
ئاق ئايۋانغا كىرىپ تۇرۇپ
لياڭ فۇگۇەن دېگەن تۇڭگان
مورىغا چىنەپ ئوق ئاتتى.

جالالىدىنخان غوجام قوپۇپ،
قول باغلاپ ئالدىغا چىقتى،
سەيدىنسا خېنىم ئەمدى
ئايلىنىپ يېقىلىپ چۈشتى.

جالالىدىن خان غوجام دېدى:
— ئۆيگە كىرىلى، لياڭ فۇگۇەن،

سىنچاي ئىچىلى، لياڭ فۇگۇەن،
شۇنداقىنا دېگەندە،
لياڭ فۇگۇەن تۇتقان ئېيتتى:
— سىنچېيىڭنى ئىچمەيمەن،
ئەبەيدۇللانى تېپىپ ئەكېلىپ،
ئالدىمغا توغرا قىلغىن،

— ئەبەيدۇللانى كۆرمىگىلى
تۆت يېرىم ئاي بولاپتۇ.
ئەبەيدۇللا ماڭا بىقارار①.
ئەگرۇسايدا ئويىنارمىش.
شۇنداقىنا دېگەندە،
قولىنى چەمبەرچەس باغلاپ،
چۇغدەككە ئېسىپ قويىدى.
قىقاس سېلىپ يىغلاغىلىق
ئىگىز ئېرىققا خەت يازدى.
مەمتىلى② غوجام كىردى.
— جېنىمغىنا لياڭ فۇگۇەن،
ئاكامنى چۇشۇرۇپ قويساڭ،
ئەبەيدۇللانى مەن تاپسام،
شۇنداقىنا دېگەندە،
جالالىدىن خاننى چۇشۇردى.
ئەبەيدۇللانى تاپماققا
ئون بەش كۈن قارار بەردى،
لياڭ فۇگۇەن يېنىپ كەتتى.

جالالىدىن غوجام بىلەن
سەيدىنىسا خېنىم ئەمدى
مەمتېلىخان غوجام باشلىق
مەسلىھەتنى تازا قىلدى.

ئەتىسى ئەتگەن قوپاپ
مەمتېلىخان ئۆزى ئاتلاندى.

دۇۋا پاشىمغا چىققاندا③.
ئەبەيدۇللاخان غوجام ئەمدى
دۇۋا پاشىمنى دېگەن يەردە
بىر يېرىم كۈن يېتىپ بولاپ،
پۇشىنىڭ④ تېغىغا قوزغالدى.
ئەتىسى مەمتېلىخان چىقتى.
مەمتېلىخان غوجام چىقىپ،
پاشىمنىڭ شېيخىلىرىدىن،
«پۇشىنىڭ تېغىغا قوزغالدى»
دېگەن خەۋەرنى ئالدى.
مەمتېلىخان يەنە ئات سالدى.
ئات ئاۋازىنى ئىشتىپ
ئەبەيدۇللا خان يۈگىرەپ چىقتى.
هاردۇقما سورىماي تۇتۇپ،
ئاتتىن چۇشۇرمەي تۇرۇپ،
هامىسلا دېمەي تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا خان ئاتا،
خوتەندە نېمە گەپ – سۆزۈم باردۇ؟
ۋەقەنى بايان قىلسىلا،
شۇنداقىنا دېگەندە،
خوتەندە نېمە گەپ سۆزۈڭ بولا،
سەيدىنىساخان ئاناڭغا،
جالالىدىنخان داداڭغا،
خوتەن بىر هارام بولدى،
خوتەنگە كىرمەي بولمايدۇ،
شۇنداقىنا دېگەندە،
مەن خوتەنگە كىرمەيمەن،
ئەگەر خوتەنگە كىرسەم،
تۇتقان دېگەن بىر رەھىم
ئاپرىپلا ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ؟
ياقىنغا باسامدۇ؟
سەيدىنىسا ئانامنىڭكى
دۇنياسى ئۆزىدىن ئاشۇر،
ئىككى ھەرەمگە يول ئالسۇن،
بەيتۇللادا كۆرۈشەيلى،
كۆپتىن – كۆپ سالام دېسىلە دەپ،
مەمتىلى خاننى ياندۇردى.

① بىقارار — نامەلۇم ئېغىسىز.
② مەمتېلىخان — جالالىدىنخاننىڭ ئىنىسى.
③ دۇۋا — گۇما ناھىيىسىنىڭ دۇۋا يېزىسى.
④ پۇشا — خوتەن ناھىيىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى تاغلىق كەنت.

مەمتىلىخان كىرىپ بولغۇچە
يەنە تۇڭگانلارغا چاقا باردى.
«ئەبەيدۇللانى ئىزدىسەڭ،
پۇشىنىڭ تېغىغا چىققىن»
لياڭ فۇگۇەن دېگەن تۇڭگان
لەشكىرى باشلاپ ئېلىپ ماڭدى،
داۋان تېگىگە يەتكەندە،
ئەبەيدۇللاخان غۇجام ئەمدى
قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرۇپ،
كۆزلىرى غەپلەتكە كەتتى.
غەپلىتىدە چۈش كۆردى:
ئوڭ تەرەپتىن قارا بوران كەلدى،
سول تەرەپتىن سېرىق بوران كەلدى،
قاراڭغۇدا قېلىپ چۈشىدى.
ئەبەيدۇللاخان چۆچۈپ قوپتى.

— هاي پالۋانلار، ياش بالللا①
مائىككۆيلەن يۈگرەپ بېرىپ،
داۋاننىڭ تېگىگە قاراڭلار!
مېنىڭ چۈشۈم بۇزۇلدى.
شۇنداققىنا دېگەندە،
ئىككى پالۋان يۈگرەپ بېرىپ،
داۋاننىڭ تېگىگە قارىسا،
قۇم تۇپراقتەك تۇڭگانلار
داۋانغا يۈزلىنىپ تۇردى.

پالۋانلار قېچىپ باردى،
— خان غۇجام ئەبەيدۇللا
ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
ئەدىتىنى ئالغىلى بولا
تۇڭگانلار ئەجەپ تولا
بەيئەت قىلىلى، خان غۇجام،
چوڭلىرىمىز بولساق، غۇجام،
ئاتقان ئوقىدا ئۆلەرمىز،
ئۇششاقلىرىمىز بولسا غۇجام،
ئات ئايغىدا ئۆلەرمىز.
شۇنداققىنا دېگەندە.

ئەبەيدۇللاخان بۇيرىدى:
«جېنىڭنى جايلا، پالۋانلار!
دېگەنغۇ زامانلاردا،
ئۈچيۈز دانە پالۋاندىن
ئىككى يۈز ئاتمىشى چېكىندى،
قىرىق دانە پالۋان قالدى.
— خان غۇجام، ئەبەيدۇللاخان،
ياتساق بىللە ياتاتتۇق،
قوپساق بىللە قوپاتتۇق،
سىنچاي بولسا تەڭ ئىچكەن،
سىمىز گۆش بولسا بىز يېگەن،
جېنىمغا خان غۇجام،
بىز بۇ يەردىن قېچىپ بېرىپ،
جالالىدىن غوجامنىڭ
تەرىگە قانداق قالارمىز؟
سەيدىنىسە خېنىمنىڭ
تەرىگە قانداق قالارمىز؟
«ئەبەيدۇللا نەدە قالدى؟»
دەپ سورىغۇدەك بولسا،
نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمىز؟
جېنىمغىنا ئەبەيدۇللاخان،
قاچساق بىللە قاچارمىز،
قالسىلا بىللە قالارمىز،
ئوتقىما بىللە كىرەرمىز،
سۇدىما بىللە ئاقارمىز دەپ،
پالۋانلار يىغلىشىپ تۇردى،
— بۇ گېپىڭگە مىڭ رەھمەت،
سەيدىنىسا ئانام باردۇر،
جالالىدىنخان دادام باردۇر،
مېنى تۇڭگانلار ئۆلتۈرسە،
دەردى ئاغرىقىدا قالار.
ھەربىرسىڭلىگە قاراپ،
بالامىنىڭ پەرۋانىسى دەپ
ياشامدىكى پالۋانلار.
ھەقىڭلىدە دۇئا قىلسام.
قېچىپ كەتسەڭلار، پالۋانلار،
شۇنداققىنا دېگەندە،

① ئەبەيدۇللاخاننىڭ سەپداشلىرى.

قىرىق دانە پاۋان قاچتى.
ئەبدۇللا تەنها قالدى،
چۈش پېشىنغىچە ئېتىشتى.
تۆڭگىلار بۆلۈنۈپ بېرىپ،
ئەبەيدۇللانى قورشىدى.
تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ،
ئارىغا ئېلىپ تۇتۇۋالدى.
چەمبەرچەس قىلىپ باغلاپ،
داۋاننىڭ تېگىگە كەلگەندە،
— گەپنى بەك يوغان قىلىتتىڭ،
جېنىمغىنا ئەبەيدۇللا؟
ئات ئۇلۇغام ھېرىپ قالدى،
قانداق قىلىسىز ئەبەيدۇللا؟
شۇنداققىنا دېگەندە.
— ئات ئۇلىغىڭ ھارغان بولسا،
ئون چارەك ئالتۇن بىلەن
ئۆزەمنى نەزىر قوياي،
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.
بۇ گېپىنى تىڭشىماي،
زاۋا كەنتىگە يېتىپ كەلدى.
ئەبەيدۇللاخان غوجام
ئېگىز ئېرىققا① خەت يازدى
ئوتتۇز ئالتە غوجىلار
ھەممىسى گوركىرىشىپ ماڭدى.
ئاتچۇيدا كەينىدىن يەتتى،
لياڭ فوگوەننى توختاتتى.
— ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرمىسەڭ،
ئونبەش چارەك ئالتۇن بەرسەك،
ئونبەش كۆن قارار بەرسەڭ
شۇنداققىنا دېگەندە،
ئونبەش كۆن قارار بەردى.
ئون چارەك ئالتۇن ئېلىپ باردى.
ئون چارەك ئالتۇننى ئۆتكۈزۈپ،
سەيىندىنىسا خېنىم ئەمدى،
— بالام قېشىغا يېرىم سائەت
سۆلاپ قويساڭلار، تۆڭگىلار،
تۆت ئېغىز گېپىم باردى.
دېگەنغۇ زامانلاردا،

ئەكىرىپ سۆلاپ قويدى.

ئىشكتىن كىرىپ بولغىچە
ئەبەيدۇللاخان غوجام يىغلاپ،
— ۋاي ئانىكا، سەيدىنساخان،
سەن مېنى بالا دەپ تۇغقىچە
ئىت بىلەن، ئىشەك تۇغساڭچۇ
ئىت تۇغقان بولساڭ، ئانا،
يالاقتا باغلاپ باقاردى،
ئېشەك تۇغقان بولساڭ، ئانىكا،
ئوتان توشۇپ ساتاردى.
مىس زەنجىرنى قىزىتىپ،
بىلىمگە يۆگەپ قويدى،
مېنىڭ جېنىم قاقشاپ كەتتى،
دېگەنغۇ زامانلاردا،
— جېنىمغىنا ئەبەيدۇللا،
يۈرۈكمنى قاقشاتماڭ،
يۈرىكىم سېسىپ كەتتى،
يۈرىكىم قانغا تولدى،
ئون چارەك ئالتۇن بەردۇك،
بەش چارەككە ئالتۇن يوق،
قانداق قىلاي، ئەبەيدۇللاخان؟
شۇنداققىنا دېگەندە،
بەش چارەكقىنا ئالتۇنغا
ئاش ئىچىتقان ئاياق ـ قوشۇقىمنى
بولسىما سېتىپ تۆلەپ بەرگىن، ئانىكا.
مەن قاراقاشقا بارغاندا،
كۆنلۈككە ئىشلەپ ئېلىپ بەرسەم،
شۇنداققىنا دېگەندە،
— جېنىمغىنا تۆڭگىلار،
يەنە بەش كۆنلۈك قارار بەر،
ئەبەيدۇللانى قىينىما،
شۇنداققىنا دېگەندە،
بەش كۆنلۈك قارار بەردى،
يەنە بەش چارەك ئالتۇن بەردى،
بەش چارەكقىنا ئالتۇندىن
ئىككى يېرىم سەر كاملاتتى،
ئۈچ كۆنلۈك قارار تىلىدى.

① زاۋا يېزىسىدىكى ئېگىز ئېرىق كەنتى.

ئۈچ كۈن قارار توشقىچە،
بىر يېرىم كۈن بولغاندا،
ئىككى تۆڭگان مەسلىھەت قىلدى①.
ئېتىۋاتايلى ئەبەيدۇللانى،
ئېتىۋاتمىساق ئەبەيدۇللانى،
قۇلاقنى تىنىدۇرمايدۇ،
ئىنتىقام ئالماي قويمايدۇ.
شۇنداقتىنە دېگەندە،
لياڭ فۇگۇەنگىمۇ خوش كەلدى.

— ئاتقىلى ھۆكۈم كەسكەن
توققۇز دانە پاۋان بار②،
ئەتە ئەتىگەن ئاتماقچى.
ئەبەيدۇللانى قېتىپ ئەچىقىپ،
ئېتىۋاتىلى دېگەن چاغدا،
ئەتىسى ئەتىگەن قوپاپ،
توققۇز دانە پاۋانغا
ئەبەيدۇللانى قوشۇپ ئەپچىقىپ،
شە ئايلىنىپ ئەكىلىپ،
گۈلباغ ئۆستەڭ بويىغا چىقتى
جىنىمغىنا، تۆڭگانلار،
مېنى ئېتىۋاتقىلى قوپتاڭلار،
بۇنىڭغا يۈز مىڭ رازى.
مەتسالى مۇپتى ئاخۇنۇم③
مەشەدە باردۇ، تۆڭگانلار،
بىر قىچىرىپ قويساڭلار
تۆت ئېغىز گېپىم باردى
شۇنداقتىنا دېگەندە،
مەتسالى مۇپتى ئاخۇنۇم،
شۇ جايغا پەيدا بولدى.

— جىنىمغىنا ئاخۇنۇم.
مەن قاراقاشتا چېغىمدا
ئوتتۇز ئالتە ئادىشىم بار ئىدى،
ما يەرگە بىرسى كەلمەپتۇ،
كۆپتىن - كۆپ سالام دېسىلە،
مەندىن ھەم رىزا بولسۇن،
مەنمۇ رازى ئاخۇنۇم،
سەيدىنىسا ئانىكام باردۇ،
جالالىدىن خان دادام باردۇ،
كۆپتىن - كۆپ سالام دېسىلە،
مەندىن بەك رىزا بولسۇن،
مەنمۇ رازى ئاخۇنۇم،
ئىككىنچى سۆزۈم شۇكى،
مېنى ئېتىۋېتىپ بولغاندا،
كاللامنى رۇسلاپ قويسىلا،
قانلىغ تونلىرىمنى سالدۇرۇپ،
تونلىرىنى يېپىپ قويسىلا،
دادام قاراقاشتىن كەلگەندە،
ئىنئال قىلار ئاخۇنۇم،
بىر كېچە ساقلاپ ئۆلتۈرسىلا،
ئىتقا تاشلاپ بەرمىسۇن،
خالاجايغا كۆممىسۇن،
قاراقاشقا باغاق بەرسىلە
شۇنداقتىنا دەپ توردى.

گەدىنىدىن ئىشتىپ ئاپرىپ،
ئات بازىرىدا ئۆلتۈرغۇزۇپ،
ئاۋال بەش پاي ئوق قويدى.
بەش پاۋانغا ئوق تەگدى.
ئىككىنچى بەش پاي ئوق قويدى.
تۆت دانا پاۋان بىلەن،
ئەبەيدۇللاغا ئوق تەگدى،
گەجگىسىدىن ئوق تېگىپ،
ئوڭ كۆزىنى بۆسۈپ چىقتى،
مېڭىسى تامغا چاپلاشتى.
نەپەسنى تامام قىلدى.
مەتسالى مۇپتى ئاخۇنۇم
ئەڭنايىغىنى تەتۈر كىيىپ،
مۇنۇتتىدە ئۆلتۈردى.
مىرزاكىرەم بەگ تون كىرىپ،

① ما خۇسەن بىلەن بەي سەنمۇنى دېمەكچى.
② ئاقتۇرسۇن موللام قاتارلىق قاراڭغۇ تاغ كىشىلىرى
③ شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ مۇپتىسى.

مۇسىۋىتىدە ئۆلتۈردى،
قارىقاشقا باغاق يازدى.

كىچە تۈننىڭ ھەسسىسى بىلەن
ھەممە غۇجىلار گۆكۈرەپ كەلدى.
لياڭ فۇگۇەن دىگەن تۆڭگان
— بىرنىمەڭ بارمۇ غۇجىلا؟
ھەممىڭ گۆكىرىشىپ كەپسەن؟!
شۇنداققىنا دىگەندە
— بالامنىڭ بىشىنى يەپسەن!
جەسىدىنى بەرمەمسىز؟
دىگەنغۇ زامانلاردا،
— ئىككى يىرىم سەر ئالتۇنۇم
گەدىنىڭدە قالغان، غۇجىلار،
سەن ئالتۇننى بەرگەندە
ئان جەسىدىنى بىرىمىز.
ئەگەر ئالتۇننى بەرمىسەڭ،
خالجايغا كۆمەرمىز.
شۇنداققىنا دىگەندە،
بىر چارەك كۈمۈش بەردى،
ئەبەيدۇللانى ئەپ كەلدى.

زاۋاكەنتكە چىققاندا،
سەيدىنىسا خېنىم ئەمدى
كېسەل بولۇپ ياتقان ئىكەن،
قېشىغا خەۋەر كىردى،
— ئەبەيدۇللانى ئەكەلدۇق،
شۇنداققىنا دىگەندە،
ئورنىدىن يىقىلىپ قوپاپ،
دەرۋازا ئالدىغا چىقسا
جىيغىنى① كۆرگەن چىغىدا،
ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى،
ھوشىغا كەلگەندە،
جىيغانىڭ قېشىغا كېلىپ،
يۈزىنى ئېچىپ قارىسا،
قىزىل قانغا بويالغىلىق،
ئوڭ كۆزلىرى ئۇيىلاغلىق،
ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەمدى،
يەنە ئايلىنىپ چۈشتى.

ھوشىغا كېلىپ ئەمدى
قارا بوراندەك ياش تۆكتى:
— ئىمامى ئەپتەر ھەيۋەتلىك②،
كۆلچەك سۈيى شەربەتلىك،
مۇرادىغا يەتمىگەن
ئەبەيدۇللا رەھمەتلىك،
دەريا سۈيىنى كەچتۇك،
كۆلاكەۋرۈكنى كەستۇك،
تۆڭگان قولىغا چۈشكەندە
قىزىل قېنىڭنى چاچتى.
ئاتا - ئانىسىدىن بۇرۇن كەتكەن
ئا - بالام، ئا بالام
ئاق قوچقاچ ئارىسىدا
قاراقوچقاچقا ئوق تەگدى
ئىگىز ئېرىق ئارىسىدىن
ئەبەيدۇللاغا كۆز تەگدى
ئاق قوچقاچ قارا قوچقاچ
چا بوغدايغىمۇ تويدۇڭمۇ؟
سەيدىنىساخان ئاناڭنى
دەرد ئوتىدا قويدۇڭمۇ؟!
ئا - بالام، ئا - بالام!

(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، ئېيتىپ بەرگۈچى قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىسى قاقلىغ كەنتىدىن شاھمۇھەممەت، 95 ياشتا.)

① جىيغا — جەسەتنى يىراققا يۆتكەشتە ئىشلىتىدىغان جىنازا.
② ئىما — قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدىكى ئەپتەر مازار.



# بوزرۇكۋار ئانا

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: توختى ئوبۇلقاسىم

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تولۇمدىكەن، زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ، شەھەر شەرمەندىنىڭ ئىكەن. شۇنداق تەڭسىز زامانلاردا تەكلىماكاننىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان بىر شەھەردە بىر تول موماي بىلەن ئوغلى ئۆتكەنىكەن. موماي دادىسىدىن كىچىك ۋاقتىدىلا ئايرىلىپ قالغان يورەك پارە ئوغلىنى بارلىق مېھرى - مۇھەببىتىنى بېرىپ تەربىيىلەپتۇ. يېمەي يېگۈزۈپ، كەيمەي كەيگۈزۈپ بېقىپتۇ. ئوغۇل مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئەللامىسى پىركامىل ئۆۋەيس داموللامغا ئوقۇشقا بېرىپتۇ.

ئۆۋەيس دامولامنىڭ ئالدىدىن كىشىلەر توغرا ئۆتەلمەيدىكەن. جاھاننىڭ يىراق جايلىرىدىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغىلى، دىدارلاشقىلى ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن.

ئوغۇل ئۆۋەيس دامولامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن دانىشمەنلەردىن بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۆۋەيس دامولام ئۇنىڭغا ھەمىشە: «ئانا دېگەن بۇزرۇكۋار — ھايات مازار، ئانىنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستى جەننەت، ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، ئىككى ئالەم ئەزىز بولىسەن» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. ئوغۇل دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەردە كامالەتكە يېتىپ دامولىدىن دۇئا ئېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئىلىم ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ خېلىلا ھاللىنىپ قاپتۇ. موماي كۈچ ماغدۇرىدىن قېلىپ، قېرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئوغۇل ھەمىشە ئانىسىنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ، جان پىدالىق بىلەن خىزمىتىنى قىپتۇ. قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مومايىنىڭ سۇت ئىچكۈسى كېلىپ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، سۇت ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، ماڭا بىر چىنە ئىسسىق سۇت ئەكېلىپ بەرگىن! — دەپتۇ. ئوغلى:

— بېشىم بىلەن، — دەپتۇ - دە، سىرتتا قاتتىق شىۋىرغان چىقىۋاتقىنىغا قارىماي ئانىسىغا سۇت ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئوغۇل سۇت ئىزدە - ئىزدە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە كېزىپ بېرىپتۇ. بىراق بۇ كېچىدە ھېچ يەردىن سۇت تېپىلماپتۇ. ئاخىر شەھەرنىڭ چېتىدىكى يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان كونا بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالدىن توغۇتلۇق قىزىغا ئىچۈرۈشكە ئالايىتەن ئېلىپ قويغان بىر قاچا سۇتنى سېتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ: «ياشىنىپ قالغان ئانامغا بەك لازىم بولۇپ قالغاندى» دەپ يالۋۇرۇپ، ئىنتايىن تەستە قىممەت باھادا سېتىۋاپتۇ - دە، مىڭ جاپادا ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئوغۇل قاتتىق سوغۇقتا قولى قولاشمىسىمۇ ئوت قالاپ، ئانىسى ئۈچۈن سۇت پىشۇرۇپتۇ ۋە ساپال تاۋاققا ئۇسۇپ ئېلىپ، ياتقان ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ سۇتنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. بۇ چاغدا ئانا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئوغۇل«ئانامغا ئىسسىق سۇت ئىچكۈزىمەن» دەپ، ئانىسىنىڭ بېشىدا ئويغىنىشىنى كۈتۈپتۇ. لېكىن، ئانىسى زادىلا ئويغانماپتۇ، ئوغۇلمۇ سەۋر قىلىپ چىنىنى تۇتۇپ ئانىسىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئانا زادىلا ئويغانماپتۇ. ئوغۇلمۇ سەۋر قىلىپ چىنىنى يەرگە قويۇپ قويماي ئانىسىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىپتۇ. قاتتىق سوغۇقتا چىنىدىكى سۇت مۇزلاپ، ئوغۇلنىڭ ساپال قاچىنىڭ تېگىنى تۇتقان قوللىرى توڭلاپ، كۆكىرىپ قولىشالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن موماي ئويغىنىپ قارىسا ئوغلى ئىككى قولىدا ساپال تاۋاقتا ئۇسۇلغان سۇتنى تۇتۇپ تۇرغان. سۇت مۇز بولۇپ قېتىپ قالغان

بولۇپ ئوغلىنىڭ قوللىرىمۇ توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. موماي بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئوغلىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ ـ دە، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئى ئوغلۇم كۆل ئالساڭ كۈمۈش بولسۇن، توپا ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن، نېمە تاپساڭ سەن تاپقايسەن، ئىككى ئالەم ئەزىز بولغايسەن، پەرزەنتلىرىڭنىڭ دۆلىتىنى كۆرگەيسەن، — دەپ دۇئا قىپتۇ. ئوغۇل بىردىنلا غايىۋى كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ. كۈن ئاينى قوغلىشىپ، ئاي يىلنى ھەيدەپ يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. موماي بارغانچە قېرىپ، ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن ئورنىدىنمۇ خاتىرجەم ياتالمايدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ. ئوغۇل ئانىسىغا بۇيرۇتۇپ ئالاھىدە بىر چوڭ سېۋەت توقۇتۇپ، سېۋەت ئىچىگە ئورۇن راستلاپ، ئانىسىنى سېۋەتكە سېلىپ تەۋرىتىپ بېقىپتۇ. ئوغۇل ھەرقاچان، ھەرقانداق ۋاقىتتا غىزانىڭ ئېسىل، يۇمشىقىنى ئاۋۋال ئانىسىغا سۇنىدىكەن. ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن يېگۈزۈپ قويىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئۆزىگە بىلىم بەرگەن ئۇستازى ئۇۋەيس داموللام كەپتۇ ھەمدە ئۇنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۇۋەيس داموللام ئۇچ ـ تۆت شاگىرتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەپتۇ. ئوغۇل ئۇلارغا ئالاھىدە ھەشەم قىلىپ ھازىرلىق كۆرۈپتۇ. داستىخان خىلمۇ ـ خىل نازۇ ـ نېئمەتلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. يېڭى سويۇلغان قوينىڭ گۆشى پىشۇرۇلۇپ داستىخانغا تارتىلىدىغان چاغدا، ئوغۇل گۆشنىڭ باش بۇرنىنى ئېسىل قاچىغا ئېلىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان بىر سېۋەتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇۋەيس داموللام بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ بىر شاگىرتىنى بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئوغۇلغا تۇيدۇرماي ئارقىسىدىن بېرىپ قارىسا، ئوغۇل ساپال تاۋاقتىن گۆشنى ئېلىپ پارچىلاپ تىتىپ، چۈجىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بىر مومايىنىڭ ئېغىزىغا سېلىۋاتقۇدەك، موماي گۆشنى چىشسىز ئېغىزىدا شۇمۇرۇپ يەۋاتقۇدەك. شاگىرت قايتىپ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ئۇۋەيس داموللامغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇۋەيس داموللامنىڭ بۇ ئىشتىن قورسىقى كۆپۈپتۇ. ئوغۇل گۆشنى ئانىسىغا يېگۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن مېھمانلارغا ئېسىل قاچا ـ تاۋاقلاردا پىشۇرۇلغان گۆش ۋە نازۇ ـ نېئمەتلەرنى تارتىپتۇ. ئۇۋەيس داموللامنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ سوراپتۇ:

— ئى ئوغۇل، سەن بىزنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ قويۇپ، نېمە سەۋەبتىن بىزگە تائامنى ئاۋۋال تارتماي، بۇلۇڭدىكى سېۋەتتە تۇرغان مەزلۇمغا ئاپىرىسەن؟ بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئوغۇل ئۇستازىغا تازىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئى مېھرىبان ئۇستازىم،سېۋەتتە ياتقان مېنىڭ ئانامدۇر. سىلى ماڭا «ئانا دېگەن ھايات مازار، بۇزرۇكۋار، ئانىنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستى جەننەت» دەپ تەلىم بېرەتتىلە، شۇ تەلىم ئېسىمدە بولغاچقا، ئاۋۋال ئانامنى رازى قىلاي دەپ تائامنى ئاۋۋال ئۇنىڭغا تارتتىم،كەچۈرسىلە، — دەپتۇ. مېھمانلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار ئوغۇلدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، داستىخانغا قىزغىن داخىل بولۇشۇپتۇ. ئۇۋەيس داموللام ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئوغۇلغا بەخت، ھىدايەت، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ. ئانىسى ۋە ئۇستازىنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ ئوغۇل ئەدەب ـ ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ بەختلىك، شاد ـ خورام تۇرمۇشنى باشلاپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن پەرزەنتلىك بوپتۇ. پەرزەنتلىرى بۇ ئوغۇلغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ دۇئاسىنى ئاپتۇ. ئوغۇلمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈپتۇ. «ئاتا ـ ئاناڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرۈرسەن» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى غۇلجا شەھىرى ئىتتىپاق يولى 1 ـ كوچا 40 ـ قورۇدىن مۇھەممەت موللام، رەتلىگۈچى ش ئۇ ئا ر كىنو ـ فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتىدە)

# خاسىيەتلىك سانلار توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر

رەتلىگۈچى: ھەلىمىگۈل ئابلىز

## «قىرىق» توغرىسىدا

1. گەپنى تەگسەڭ تېرىق بولۇر،
بىرى قىرىق بولۇر.
2. قىرىق يىلقا تەگىن باي چىغاي تۇزلىنۇر ①.
(قىرىق يىلدا باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشۇر.)
3. يالغان سۆزنىڭ قانتى قىرىق بولسىمۇ قىرقىلار.
4. قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.
5. قىزنىڭ تويى قىرىق كۈن.
6. قىزنىڭ سۆيگۈسى قىرىق يىل.
7. قىلدىن كەتتىڭ قىرىقتىن كەتتىڭ.
8. قىز كۆيۈكى قىرىق يىل.
9. تۆگىنىڭ قەھرى قىرىق يىلدا چىقار.
10. قىزنىڭ جېنى قىرىق.
11. قىرىق ئاشچىدىن بىر باشچى يامان.
12. قىرىق كىشىدىن قىيىق كىشى يامان.
13. قىرىق يىغنە بىر جۇۋالدۇرۇز بولالماس.
14. قىرىق ئاغچا ئاچتىن ئۆلۈپتۇ.
15. بىر كۈنلۈك يولداشقا قىرىق كۈن سالام.
16. قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى.
17. قىزنىڭ چېچى قىرىق.
18. ھەقىقەت قىلنى قىرىق يارىدۇ.
19. ئالدىرىغاندا قولىدىكىنى قىرىق قېتىم ئىزدەپتۇ.
20. خاندا قىرىق كىشىنىڭ ئەقلى بار.
21. تىرىشچانغا قىرىق ھۈنەر ئاز.
22. بېخىلنىڭ قىرىق يەردە ھويلىسى بار، قىزىنى ئال.
23. بوۋاق دادىسىنى ئۈچ كۈندە تونار،
ئانىسىنى قىرىق كۈندە تونار.
24. ئېرى ئۆلگەن بىر خوتۇن
قىرىق خوتۇنغا كۈنداش.
25. ياخشى كۆرگەن قىزىڭ
قىرىق يىلدىمۇ قىز كۆرۈنەر.
26. تېرىساڭ قىرىق بولار،
تېرىمىساڭ ئېرىق بولار.
27. قىلدەك ھوقۇق قىلنى قىرىق يارار.
28. قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.
29. بىرساپاق ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتەر.
30. قىرىققا چىدىغان قىرىق بىرگىمۇ ھەم چىدار.
31. بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئەرنىڭ ھىيلىسىدىن يامان.
32. قىرىق كىشى بىر ياق، قىڭغىر كىشى بىر ياق.
33. بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.
34. بىر قىز ئەرگە تەگسە قىرىق قىز چۈش كۆرەر.
35. بىر كۈن تۇز يېگەن يەرگە قىرىق كۈن تەزىم.
36. قىلنى قىرىق يارىدىغان بەگنىڭمۇ گېلى بار.
37. ئوتتۇز يېشىدا ئەر ئاتالغان قىرىق يېشىدا شىر ئاتىلار.
38. بىر كۈن ئالدىرىغاندىن قىرىق كۈن ئەقىل سورىما.

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 454 ـ بەت

39. بىر موللىنىڭ كەينىدە قىرىق شەيتان بار.
40. قىلدەك گەپ قىرىق تەڭگىگە توختار.
41. قىزغانچۇقنىڭ بىر تاۋاق ئېشى قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۈرەر.
42. يالغانچىنىڭ پوقىنى يېگەن ئىتمۇ قىرىق كۈن يالغان قاۋار.
43. ئىشان بولماق تۆت كۈنلۈك،
موللا بولماق قىرىق كۈنلۈك.
44. بولىدىغان ئون يېشىدا باش بولۇر،
بولمايدىغان قىرىق يېشىدا ياش بولۇر.
45. بىر كۈن ئۇرۇش بولغان ئۆيدىن
قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.
46. ئويۇپ يېسە ئون كۈن يېتەر،
قىرىپ يېسە قىرىق كۈن يېتەر.
47. بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار.
48. خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى كۆڭلىدە
قىرىق يىل ساقلار.
49. قىرىق هۈنەر هۈنەر ئەمەس،
ئەسلى هۈنەر هويلىچىلىق .
50. قىرىق يىللىق ياغاچتىن قىلدەك هۆل چىقار.
51. توشقان كۆلەڭگىسىدىن هۈركۈپ
قىرىق يىل يۈگرەر.
52. بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقنىڭ
ئارىلىقى قىرىقكۈنلۈك يول.
53. بېخىلنىڭ بىر چىنە شورپىسى
قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۈرەر.
54. بۇخارادىن ۋەلى كەلسە،
قىرىق يىل بۇرۇنقىلى كېلەر.
55. قىرىق ئۆي قۇدا بولسا،
قىرىق يىل قىرغىن بولماس.
56. قىرىق قوتان مېلىڭ بولسىمۇ،
ياخشى خوتۇن بولمىسا بىكار.
57. قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ،
ئەجەل يەتمىسە ئۆلمەس.
58. قىلتاقتا چۈشكەن قاغا قىرىق يىلغىچە
ئاچا ياغاچقا قونماپتۇ.
59. قىرىق كۈنگىچە مېهمان كىرمىگەن
ئۆيگە پەرىشتە كىرمەس.
60. كىشىنىڭ ھەققى قىرىق يىلدىمۇ چىش قامىتار.
61. ساچراتغۇدىن قورقمىش قۇش قىرىق
يىل ئادرى يىغاچ ئۈزە قونماس①.
(ساچراتقۇدىن قورققان قۇش قىرىق
يىلغىچە ئاچا ياغاچقا قونماس.)
62. بىر خوتۇننىڭ هىيلىسى قىرىق ئەرنى ئالدار.
63. خەقنىڭ بىر قوشۇق يۇندىسى
قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۈرەر.
64. بېخىل، بىر يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن
قىرىق قېتىم ئۆتەر.
65. سېنى بىر پىيالە چاي بىلەن كۈتكەن
ئادەمنى قىرىق يىل ئېسىڭدە تۇت.
66. قىرىپ ئالساڭ قىرىق كۈن يېتەر،
ئويۇپ ئالساڭ ئون كۈن يېتەر.
67. قىرىق بېغىم بار، نېمىدىن غېمىم بار.
68. قىرىق يىل باققان ئېشەك ئىگىسىنى تونۇماس.
69. قىرىق يىل كۆرگەن چۈش يالغان بولماس.
70. قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ قىڭغىر.
71. گۈلنىڭ تونى قىرىق يارماق.
72. يوپۇرماقلىرى يىرتىق بولسىمۇ، هۆسنى پاك.

## «توققۇز» توغرىسىدا

1. كېسەلنىڭ بىرى جىنىدىن، توققۇزى يىنىدىن.
2. تويغان يەرگە توققۇز تەزىم.
3. گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر.
4. جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ.
5. توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ.
6. كېڭەش قىلسا ئەل، بولار توققۇزى تەل.
7. ئەل — توققۇزى تەل.
8. توققۇزى تولۇق، پۈت - قولى بوغۇق.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 - توم، 484 - بەت.

9. بىر باشتا توققۇز تۈگمەن تېشى چۆرگىلەر.
10. بەرگەندە توققۇز، ئالغاندا ئوتتۇز.
11. تۆت تەڭگىگە قىممەت، توققۇز تەڭگىگە ئەرزان.
12. بانكىدا قويساڭ توققۇز تەڭگەڭ ئوتتۇز بولار،
يانىدا قويساڭ ئوتتۇز تەڭگەڭ توققۇز بولار.
13. ئاتا بىر، ئانا بىر، بالا توققۇز،
خۇيلىرى ھېچ ئوخشىماس توقسان توققۇز.
14. بىر ئۆچكىگە توققۇز تېكە.
15. ئىشچاننىڭ توققۇزى تەل بولار،
ھورۇننىڭ ھېچنېمىسى يوق بولار.
16. سەككىز كۆنلۈك ئۆمۈرنىڭ
توققۇز كۆنلۈك ئىشى بار.
17. مەن قىلۇرمەن ئوتتۇز،
خۇدايىم قىلار توققۇز.
18. بېرىشتە سانىقى توققۇز،
ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز.
19. بىر ئانىدىن توققۇز بالا،
مىجەزى توققۇز ياڭزا.
20. ئەخمەققە ئەمەل تەگسە توققۇز ئوغۇزنى بۇزار.
21. ئات توققۇز يېشىدا يېتىلەر،
ئەر ئوتتۇز يېشىدا يېتىلەر.
22. ئادەم خىسلىتىنىڭ بىرى ئۆزىدە بولسا،
توققۇزى توندا.
23. ئۇن ئېلاننىڭ بىرى راست، توققۇزى يالغان.
24. ئۇن چىرايلىقنىڭ توققۇزى
كىيىمى بىلەن چىرايلىق.
25. بىلگىننىڭ توققۇز، بىلمىگىننىڭ ئۇن.
26. ئىتتىپاقلاشقان ئەل بولۇر،
توققۇزى تەل بولۇر.
27. توققۇزدا قانچە بولسا، توقساندا شۇنچە بولۇر.
28. جاپا تارتقاندا توققۇزنى بېرىڭ،
يېنىچە ياتقاندا ئوتتۇزنى بېرىڭ.
29. تەلۋىگە توقماق توققۇز،
ساراڭغا چوماق ئوتتۇز.
30. بەڭباشنىڭ بىر ئايىغى سەككىز،
بىر ئايىغى توققۇز.
31. ئۇن تازنىڭ توققۇزى ھەييار،
ئۇن سوقۇرنىڭ توققۇزى مەككار.
32. ئالتۇن ئايال كىشىنىڭ توققۇز
خىل ئەيىپىنى ياپار.
33. ئۇن دەللالنىڭ توققۇزى يالغانچى.
34. ئۇن گاچىنىڭ توققۇزى گاس.
35. كۆڭۈلنىڭ قۇلۇپى توققۇز.

## «يەتتە» توغرىسىدا

1. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.
2. ياخشى قىز ــ يەتتە ئوغۇل.
3. ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە.
4. ياخشىنىڭ يولى يەتتە.
5. يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە.
6. ئۈچ ئۆلۈش ئەقىل،
يەتتە ئۆلۈش ئەجىر.
7. ھورۇنلۇق يەتتە ھارامنىڭ يىلتىزى.
8. بىر تۈلكە يەتتە بۆرىنى يېتەكلەر.
9. ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە،
يامان گەپ يەتتە داۋاندىن ھالقىپتۇ.
10. سۇ يەتتە يۇمىلسا ھالال.
11. ئالتە تەڭگەم بار ئات ئالىمەن،
يەتتە تەڭگەم بار قىز ئالىمەن.
12. ئالتە چايناپ ئات تويسۇن،
يەتتە چايناپ ئەر تويسۇن.
13. يەتتە يېشىنى ئەسلىشىپتۇ،
يەتمىش يېشىدىن رەنجىشىپتۇ.
14. بالا ئالتە ئايلىقتا ئاتتا ئولتۇرار،
يەتتە ئايلىقتا يەردە ئولتۇرار.
15. يەتتە قىزى بار كىشىگە دوزاخ ئوتى هارام.
16. ئاتىسى ئۆلگەنگە يەتتە يىل ئەگەش.
17. يامانىدىن قاراۋۇل قويساڭ،
دۈشمەن يەتتە بولۇر.
18. تۈگىنى ئۇسسۇلغا سالسا،
يەتتە چۈنەك قوغۇننى بۇزار.

19. بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە
يەتتە قېتىم بېرىپتۇ.
20. ئاتىسى ئۆلگەن يىلاننىڭ
بېشى يەتتە يىل ئاغرىپتۇ.
21. نائىنساپ بىر ئوتلىسا
يەتتە قوشۇق ئوتلار.
22. تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا،
يەتتە ئېتىز زەدەكنى بۇزار.
23. يېتىمنىڭ يەتتە قارنى بار،
ئۈستىدە يەنە بالىخانىسى بار.
24. ئاتىسى ئۆلگەننىڭ يەتتە يىل ياقىسى يىرتىق.
25. يەتتە ياشلىق كەلسە،
يەتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ.
26. ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ،
يەپ يەتتە بولماپتۇ.
27. ئاتىسى ئۆلگەننى يەتتە يىل نەس بېسىپتۇ.
28. بالا يەتتە ياشقىچە يەردىن تاياق يەر.
29. نەپسى يامان يەتتە نەزىردىن قۇرۇق قاپتۇ.
30. يەتتە نانغا يۈز بولغان ئىككى توقاچ.
31. بىر خورازنى يەتتە قاسساپ سويماس.
32. يەتتە ئۇرۇقنى تونۇمىغان ئۆي تەلۋە.
33. يەتتىنىڭ بىرىنى دۈشمەن بىل.
34. تۆت كەپتەرگە يەتتە كوۋۇك،
يازدا ياتقانغا قىشتا دوۋۇك.
35. ياردىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
ئەلدىن ئايرىلغان ئۆلگۈچە يىغلار.
36. ئۈچ ئۆلۈش ئۆگىتىشكە باغلىق،
يەتتە ئۆلۈش ئۆگىنىشكە باغلىق.
37. ئارچىغا ئالتە تاياق،
شوۋىچىغا يەتتە تاياق.

## «تۆت» توغرىسىدا

1. تۆت خوتۇن سەككىز قاپاق ماي تارتىپتۇ.
2. تۆت كىشى تۆگەل بولسا،
تاشتىنمۇ گۇل ئۈندۈرەر.
3. تۆت ئوغلى بارغا ئاتنىڭ نېمە كېرىكى،
تۆت قىزى بارغا باغنىڭ نېمە كېرىكى؟
4. تۆت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار.
5. تۆت پۇتلۇق ئاتمۇ پۇتلىشىپ يىقىلار.
6. قازانغا قويغان ياغ تۆت سەر،
پۇرايدىغان ئەرۋاھ سەكسەن ئالتە.
7. قاغا تۆت قاراپ بىر چوقۇيدۇ.
8. ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىلىقى تۆت غېرىچ.
9. ئېشىكىم ئوبدان ئېشەك،
كۆتۈرۈشى تۆت تال كېسەك.
10. ئېشىكى تۆت تەڭگە،
توقۇمى بەش تەڭگە.
11. چاپىنىمدا تۆت يانچۇق،
خەجلەي دېسەم بىر پۇل يوق.
12. ئىشان بولماق تۆت كۈنلۈك،
موللا بولماق قىرىق كۈنلۈك.
13. نەگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.
14. ھەيدىگىنىڭ تۆت ئۆچكە،
جاھاننى ئالدى ئۆشت ــ ئۆشتى.

## «ئۈچ» توغرىسىدا

1. ئۆلۈككىمۇ ئۈچ كۈن سۆز،
تىرىككىمۇ ئۈچ كۈن سۆز.
2. يالغان ئۈچ قېتىم دېيىلسە راستقا ئايلىنار.
3. دوستۇڭنى ئۈچ كۈن سىنىما، ئۈچ يىل سىنا.
4. ئۆلۈك چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە سۆز ــ چۆچەك.
5. ئۈچ قوي سويغان قاسساپ بولۇۋاپتۇ.
6. ئۈچ ــ ئاداۋەت ئۈچ كۈندە ئاشماس.
7. ئۈچ ئاچا بىلەن چەللە قۇرغىلى بولماس.
8. يىگىت ئىش ئۈچ كۈن سۆز ــ چۆچەك.
9. ئۈچ ئورتاققا ئوغرى كىرسە تورىماس.

10. بىر بوزۇلغان ئۈچ بوزۇلار.
11. بىر بىلمىسە ئىككىدە بىلەر،
چىداملىق بول ئۈچتە بىلەر.
12. سەن يەرنى بىر يىل ئالدىساڭ،
يەر سېنى ئۈچ يىل ئالدار.
13. ئون پۇلى كەم ئۈچ تەڭگە.
14. ئۈخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ،
ئىككىنى ئۈچ كۆرۈپتۇ.
15. ئۈستىغا ئۈچ پۇل، پىلانچىغا بەش پۇل.
16. ئۈچ قىز چوڭ قىلغان جەننەتكە كىرەر.
17. ھەر ئۈچ قەدەمدە ئارقاڭغا باق،
شۇندىلا بولىدۇ بېشىڭ ساق.
18. توي ئۈچ كۈن بولۇر،
ھورۇن چۈشكۈن بولۇر.
19. بىر قاشاغا ئۈچ تېرەك،
بىر ئەزىمەتكە ئۈچ يۆلەك.
20. ئۈچ بىر تۇغقان بىرلەشسە
يولۋاس قورقۇپتۇ.
21. دوستىنىڭ دوستلۇقىنى ئۈچ كۈندە بىلمىسەڭ
ئۈچ يىلدا بىلەرسەن.
22. كۆتۈرە ـ كۆتۈرە ئۈچ كۆتۈرەر،
ئۈچتىن ئاشسا كىم كۆتۈرەر.
23. ئاداۋەت دېگەن ئۈچ كۈن تۇرسا ھارام.
24. بىر كۈن يامغۇردا قالسا،
ئۈچ كۈن چۈشكۈرەر.
25. بىر يوق ئۈچنى كۆرۈڭ،
ئۈيقۇ يوق چۈشنى كۆرۈڭ.
26. ئۈچ ئۆلۈش ئەقىل،
يەتتە ئۆلۈش ئەجىر.
27. قەستەنلىك تېزەك ئاستىدا ئۈچ كۈن ياتىدۇ.
28. قەشقەردىن كەلگەن لىڭگىرچاق
ئۈچ كۈنگىچە غىچىرلاپتۇ.
29. قەغەز بىلەن شەھەر قوپارساڭ ئۈچ كۈنلا پايلايدۇ.
30. ياخشى گەپمۇ ئۈچ كۈن،
يامان گەپمۇ ئۈچ كۈن.
31. بىر يىلاننى توغرىسا،
ئۈچ كەسلەنچۈك بولۇر.
32. ئۈچ قېتىم سورىمىغۇچە پىچاق بەرمە.
33. مېھماننىڭ قەدرى ئۈچ كۈن.
34. ئۈچ ھەيدىگەن يەر ئالتۇن.
35. خاننىڭ دورى ئۈچ قېتىم.
36. توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدار.
37. يامان ئاتىنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تازاقلار.
38. مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم.
39. ئۈچ ئادەم بار يەردە خىزىر بار.
40. پاقىمۇ ئۈچ تاقلاپ بىر ئارام ئالىدۇ.
41. ئاتىنىڭ خويى ئۈچ يىلدا سىنىلار.
42. تادان توشقاننىڭ ئۈۋىسى ئۈچ.
43. ئۈچىنىڭ بىرى خانغا ياراپتۇ.
44. شاراپنىڭ ئاقىۋىتى چۈشكۈنلۈك،
بولىدۇ ئۈمرۈڭ ئۈچ كۈنلۈك.
45. خورۇم چاپان بۇدرە چاچ،
ئۈچ كۈن بولدى قورساق ئاچ.
46. ئەر سۆزى بىر، ئەدەر كۆكى ئۈچ①
(ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئىگەرنىڭ كۆكى ئۈچ.)
47. بىر يۈرتقا ئۈچ بەگ.

(رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 ـ توم، 413 ـ بەت.



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## چۈن ـ چۈن سالىۋات

چۈن ـ چۈن سالىۋات،
بەر مۇھەممەت.
ھەر كىشى ئۆزلەر،
ئىشىكنى كۆزلەر.
ئوڭدا ـ بەگلەر،
سولدا ـ ئاغچىلار.
ئاڭلاڭلار،
تىڭشاڭلار،
توي ـ توي بولىدۇ،
توي تويغا ئوخشىمايدۇ.
توي ئۈستىگە توي بولمىسا،
توي، مەرىكە قىزىمايدۇ.
بۇرۇن تويغا
سېلىق سالاتتى.
سېلىق تالىشىپ،
توي بۇزۇلاتتى.
زىرىقتا ـ يىڭنە،
ئازغاندا ـ مونچاق.
پوتىغا پوپۇش
چىگىدە بوقۇش.
بوپا تالىشىپ،
بولاتتى سوقۇش.
تېرەككە توخۇ چىقتى،
ئۈجمىگە چىقتى پاقا.
ئاغچىلار كۆينەك كىيدى،
بىر ـ بىرىگە باقا ـ باقا.
سېمىز ئىنەككە ـــ
چولاق بۇقا
ھورۇن ئېشەككە ـــ
ياغاچ تاقا...
كۆل تام بولماس،
كۆل تام بولسا.
تۆۋى بوش بولار،
كۈيئوغۇل بالا بولماس.
كۈيئوغۇل بالا بولسا
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلى خۇش بولار.
يان يەردە قوناق بولماس،
يان يەردە قوناق بولسا
ئېچىپ ئورغىلى بولماس.
يان يەردە بۇلاق بولماس،
يان يەردە بۇلاق بولسا
كېچىپ ئۆتكىلى بولماس.

يان يەرگە قوناق تەرسە
مۇندىلا بولدى.
ئازگالغا چامغۇر تەرسە
يۇندىلا بولدى.
تاز قىزغا ئەر چىقمايدۇ،
مېنىڭ بىر دوستۇم بار
خوتۇن چىقمايدۇ.
نېمە بالا بولدى؟
كىچىكلەر چوڭلارنى
ئىززەت قىلىڭلار
چوڭلارغا نەزەر سېلىپ
ھۆرمەت قىلىڭلار.
ئاياللاردا بىر ئادەت بار
ئۆزى بىلمەيدۇ.
شۇ ئادەتنى تاشلىمىسا
توغرا كەلمەيدۇ.
مەيلى تويغا،
مەيلى نەزىرگە
بىر قېتىم ئېيتسا،
چاپسان دېمىسە،
ھال تارتىپ زادى كەلمەيدۇ.
توي قىلغۇچى ساھىبخان
ھەم قاراپ تۇرغان
پالانچىغىندەم كەلمىدى دەپ
خىجالەت بولغان
بىر قېتىم ئېيتقانغا
رازى بولماستىن
«چاپسان دېمىدى مېنى» ـــ دەپ
ئۇ يامانلىغان.
ئىككى خوتۇن بىر بولۇپ
غەيۋەت قىلماڭلار،
چوڭنى دەسسەپ كىچىكلەر
تۆرگە چىقماڭلار.
تۆرگە چىققان ئەسلىدە
تەكەببۇرلۇقتۇر.

تەكەببۇرلۇق قىلغانلاردىن
رەھىم كۈتمەڭلار.
بۇرۇن، بۇرۇن ئىكەن،
توخۇ ـ تورۇم ئىكەن.
پاقا ـ پوستەكچى،
بۈرگە ـ تۈگمەنچى.
چا توخۇ قاقاقلىدى،
مومام قوپتى تە ـ تەلەپ.
قونداقتا چىقتى
پايپاق خوراز.
ئۇچالمايدۇ مەللە توخۇ.
دوستۇم: «خوتۇنغا تويۇڭ» ـــ دەيدۇ،
قېينانام قىزنىي: «قويۇڭ!» ـــ دەيدۇ.
بىر قېينانام بار،
ھەددىدىن زىيادە!
ئۇنىڭ ئالدىدا
شەيتانلار پىيادە.
مەن باردىم ئىشىك ماراپ،
ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ.
سىز تۇرۇپسىز باش تاراپ.
نالە ئوقۇپ ياندىممەن.
تۈز ئىشنى ئەگرى قىلماڭ،
بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىڭ،
قويۇپ بېرەي سىزنى مەن.
بۇجۇ ـ بۇجۇ بۇجۇيىڭىز،
بىزمۇ سىزنىڭ گادىيىڭىز.
نېمە مۇنچە قىينىدىڭىز؟
يوقمۇ سىزنىڭ خۇدايىڭىز؟
ئۆزىڭىز موللا يىگىت،
دۇۋەت، قەلەم قېشىڭىزدا،
خەزلىك تۇماق كىيىۋاپسىز،
كۆك تاۋاردا تېشى بار.
كۆك تاۋاردا تېشىنى،
قانداق قىلاي ئادىشىنى؟
سېغىزخان چوقچايدى،

قۇيرۇقى پاخپايدى.
قۇشقاچ - چاك - چاك،
تورغاي — پاق - پاق.
بوْدوْنە ۋىتىلداق،
تاختىۇىشىدا - سېرىق ياغ.
ئېلىپ - ئېلىپ يېۋىدىم،
بولدى قورساق دومىلاق.
چەيلەكنىڭ يېنىدا
سۇ ئاقىدۇ يانبۇلاق.
بىزنىڭ مەلىنىڭ ئايالىرى
ئۆز چېچىنى ياراتماي
يالغان چاچنى سېلىۋاپتۇ،
يانپاشقىچە ساپ ئۇلاق.
مەن ئۆزۈم باتۇر ئىدىم،
تاغدا كېيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىقىمنى قىردا قويۇپ،
تاغقا چىقىپ ياتۇر ئىدىم.
يېنى يوق قوڭغۇزنى
يانغا تارتماي مىنىۋىدىم،
بىرىم جىڭ كېپەكنى،
كىشىگە يۆلەتمەي ئارتىۋىدىم.
توْتوْپ ئېلىپ پاشىنى
بىر داچېيگە قاتاتتىم.
داچەي ئەمەس شەيتانچاق دېسەڭلار،
بىر توْگمەن تېشىنى
ئۈچ كۇنلۇك يەرگە چۆرەتتىم.
توْگمەن ئەمەس، ئۇرچۇق دېسەڭلار،
كۇندە مىڭ پوْت بوْغداي تارتاتتىم.
مىڭ پوْت ئەمەس، ئون پوْت دېسەڭلا،
بىر پادىشاھقا بىر يىل يېتەتتى.
دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئېرىق ئېرىپ،
بۇ قېتىدا تۇرۇپ ئوراتتىم.
دەريا ئەمەس، ئېرىق دېسەڭلار،
بىر غاز ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى.
غاز ئەمەس، بالىسى دېسەڭلا،

خان سارىيىغا قانتى پاتمايتتى.
ساراي ئەمەس، ھوجرا دېسەڭلا،
ئېشەك ھاڭرىسا، تۆرگە ئاڭلانمايتتى.
ئېشەك ئەمەس، خوتەك دېسەڭلا،
توشقانغا تاپ باستۇرماي يېتەتتى.
توشقان ئەمەس، بۆجەن دېسەڭلا
پادىشاھقا جوۋا، تازغا قۇلاقچا ئاشاتتى.
تاز ئەمەس، ساقتۇ دېسەڭلار
توْت خوتۇن ئەينەك قىلاتتى.
ئەينەك ئەمەس، يالغان دېسەڭلا
دۇربۇن قىلسا تاغنى كۆرەتتى.
دۇربۇن ئەمەس، يالغان دېسەڭلا
بازاردا ساتسا جوگان كېلەتتى.
جوگان ئەمەس، موماي دېسەڭلا
كۇنگە توققۇز ياڭزا كۆينەك يۆتلەيتتى.
ئۇنىمگەن چىغ تۇۋىدىن
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى.
تۇتمىغان چوقماق بىلەن ئۇرىۋىدىم
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە كىشىگە باستۇردۇم،
يەتتە كىشىگە سويدۇردۇم.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز
ھېلىمۇ بار تەڭ يارتىسى.
يالغان بولسا، قاراپ باق،
قوزۇقتا بار كاللىسى.
چۈن - چۈن سالاۋات،
ئېيتاي دېسەم قالمىدى.
كۆپچىلىك، ئولتۇرۇپسىلەن
چۈن - چۈن سالاۋات ئاڭلىغىلى.
شۇنىڭ بىلەن چۈن - چۈن سالاۋات
تامام بولدى.
ساھىبخانا ئورنىدىن قوپتى
قولۇمغا ياغلىق باغلىغىلى.

چۇن - چۇن سالاۋات

قىز - يىگىتنىڭ تاماشىسى.

چۇن - چۇن سالاۋات ئېيتالايدۇ،

بۇ قوشاقنى قوشقان كىشى.

بىر ياغلىق دېگەن تۆگە ئەمەس،

ياغلىق دېگەن كۆڭۈل خۇشى.

بۇ سۆزۈمگە كۆلدى بارچە،

كۆلەي دېدى قىز ئانىسى.

قىز ئانىسى ئورنىدىن مىدىرلىدى،

بۇ سۆزۈمنى يالغان دېمەڭلا.

يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى سۇغراي دېدى.

مەرتە يىگىتلەر تويغا كېلىپ توشىدىكەن،

چۇن - چۇن سالاۋات ئېيتقان كىشى قوشىدىكەن.

ئاز بولسىمۇ، ساھىبخان، كۆپكە تاۋا،

ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سىزگە قىلغان بوستى ئىكەن.

تۆگەتتۇق چۇن - چۇن سالاۋاتنى،

ماقال بىلەن چۇشۇرۇڭلار ئايىغىنى.

چوقان بىلەن ئوتتۇز ئوغۇل خۇسۇسىيىتىنى،

چوڭ - كىچىك، كۆپچىلىك، باقىمسىلەر،

بارىكاللا، بارىكاللا!

## جان بۇرگەم

جان بۇرگەم، جېنىم بۇرگەم

بۇرگەم بۇرگەمدىن باتۇر.

ئەسكى چاپاندا ياتۇر.

ئەسكى چاپاننى سۇغا سالسام،

كۆزلىرى چەكچىيىپ ياتۇر.

مەن بۇرگەمنى سەمرىتتىم

ئون بەش پۇت سۇلۇ بىلەن.

ئۇنىڭغا نوختا ئەشتىم،

تارتىپ بۇرنىدىن تەشتىم.

ئاستا - ئاستا سېلىۋالدىم،

تاشقا تارتىپ مىنىۋالدىم.

ماشتاققىنا بىر ئۇردى،

ئوڭ بېقىنىم زەخمە يېدى.

بىر ۋاقىت ئاتام كەپتۇ:

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟ — دەيدۇ.

بىر ۋاقىت ئانام كەپتۇ:

— نېمە بولدۇڭ، بالام، — دەيدۇ.

بۇ قولتۇقۇقا ئاتام كىردى.

بۇ قولتۇقۇقا ئانام كىردى.

ئېلىپ ماڭدى گۆرۈمگە.

مەن بۇرگەمدىن يىقىلىپتىمەن،

ئەس - ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

ئون بەش كۈنچە يېتىپتىمەن،

ساقىيىپ قوپۇپ باقسام،

بۇرگەم سەمرىپ كېتىپتۇ،

تۆتكە كىرگەن تورپاقتەك.

ئۇنى سويىماقچى بولدۇم،

ئالتە قاساپ ئەپكەلدىم.

ئىككىسى پۇتىدىن تۇتتى.

ئىككىسى قولىدىن تۇتتى.

ئىككىسى تۇلۇملاپ سويدى.

11

ئاتمىش بەش پۇت گۆش چىقتى،

يەتمىش بەش پۇت چاۋىسى.

ئۇنىڭدا مانتا ئەتتىم،

ھەربىرى شۇنچە يوغان.

بىر ۋاقتا ئايلام كەپتۇ،

ئاق ياغلىقى بېشىدا،

سۇرمەلىرى قېشىدا.

پۇتىغا قارىسام بەتتىنكە،

ئورۇسچىغا تۆتىنكا؟

— مانتاڭ پىشتىمۇ، بالام؟ — دەيدۇ.

ئىككى مانتا ئېلىپ بەردىم.

بىرىنى يېدى «سۇ!» دېدى.

ئىككى يېدى «ئۇھ» دېدى.
ئاستا ـ ئاستا ماڭدى ئۆيگە.
ئارقىسىدىن پايپاسلاپ بارسام،
«ئاللا، ئاللا» دەپ ياتۇر،
بېشىدا ياسىن ئوقۇر،
ئاغزى ـ بۇرنى كۆۋۈكدەپ،
قارنى بولسا تەڭنىدەك،
بالىلىرى يىغلاپ تۇرۇر،
ئاستا ئۆيۈمگە ماڭدىم،
يېتىپ كەلدىم گۆرۈمگە.
يالغان ئېيتسام، زاي خۇدا.
مېنىڭ خوتۇنۇم زايىتتى (زەينە ئىدى)
ئىككى خالتا ئۇن بەرسەم
شامالغا ئەپچىقىپ سورۇيتتى،
يالغان ئېيتسام، زاي خۇدا.

## جان بۆدۈنەم

ئاھ، بۆدۈنەم، جان بۆدۈنەم،
دۈمبىسى ياغلىق بۆدۈنەم.
قۇرغۇي ئاناڭ كەلدى دېسە،
دالدىغا مۆككەن، بۆدۈنەم.
ئاھ بۆدۈنەم، جان بۆدۈنەم،
دۈمبىسى ياغلىق بۆدۈنەم.
قۇرغۇي ئاكاڭ كەتتى دېسە
سايراپ كەتكەن بۆدۈنەم.
ئاھ، بۆدۈنەم، جان بۆدۈنەم
ۋىتۇلداق ئاتلىق بۆدۈنەم.
كۈزدە يېنىپ كېلەلمەي،
قىشتا قالغان، بۆدۈنەم.
قىشنى، يازنى ئۆتكۈزۈپ،
مېنى شۇنچە كۈتكۈزۈپ،
كۈز ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ.
ئەمدى كەلگەن بۆدۈنەم.
سېنى خويمۇ سېغىندىم،
كۈنپېتىشقا بېقىندىم.
شامال چىقسا قارايمەن
سېنى كۈتۈپ، بۆدۈنەم.
سايرىغاندا ۋىتۇلداق،
سوقۇشقاندا چوقۇلاپ،
قاچار بولساڭ يورغىلاپ،
يىراق كەتتىڭ، بۆدۈنەم.
ياخشى ئاتقا ئارپا بېرىپ
چاپچالغا چاپسام، بۆدۈنەم،
يامان ئاتقا كېپەك بېرىپ
جوۋازغا قاتسام، بۆدۈنەم.
ياخشى خوتۇن سەھەر تۇرۇپ
هويلا سۈپۈرەر، بۆدۈنەم.
يامان خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ
كوداڭنى كولار، بۆدۈنەم.
ئېتىزلىقنىڭ ئېڭىزى،
قوغۇنلۇقنىڭ غازىڭى،
ساڭا راھەت كۈز كۈنى،
سايرىۋالغىن، بۆدۈنەم.
ھېچكىمدىنمۇ قورقمايسەن،
«ۋىتۇلداق» دەپ سايرايسەن،
قورساق تويسا، ئۇخلايسەن.
كېچە ـ كۈندۈز، بۆدۈنەم.
بېدىلىكنىڭ ئىچىدە
سايراپ يۈرگەن بۆدۈنەم.
قۇرغۇي ئاكاڭ كەلگەندە،
مۆكۈپ قاچقان، بۆدۈنەم.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)


中国移动通信
CHINA MOBILE
مەشرەپ كارتىسى
تېخىمۇ كۆپ شاد-خۇراملىقلارنى يوللاپ،
بەخت تىلەكلىرىگە چۆمكەيدۇ!
1 يۈەنلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېتىبار بوغچىسىنى ئىشلەتسىڭىز، ئۇزۇن
يوللۇق تېلېفوننى بىمالال ئۇرالايسىز.
تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.
真情特惠
引领精彩生活
轻松由我
神州行
www.xj.chinamobile.com 10086





# 源 泉 (布拉克)

# بـــــــۇلاق

(维 吾 尔 文) 总124期

(قــوش ئــايــلــىــق ژۇرنــال) ئــومــۇمــىــي124 ـ ســان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明 副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版
(乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 3 4 8 号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全 国 各 地 邮 局 订 阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043